# ئەرەپ تىلى گىراماتىكا قائىدىسى

# مۇندەرىجە.

## 1-قىسىم

1- دەرس.............................................8
2- دەرس.............................................11
3- دەرس.............................................12
4- دەرس.............................................13
5- دەرس.............................................18
6- دەرس.............................................21
7- دەرس.............................................24
8- دەرس.............................................24
9- دەرس.............................................27
10- دەرس.............................................29
11- دەرس.............................................36
12- دەرس.............................................37
13- دەرس.............................................39
14- دەرس.............................................44
15- دەرس.............................................46
16- دەرس.............................................49
17- دەرس.............................................50
18- دەرس.............................................50
19- دەرس.............................................52

20- دەرىس.............................................52
21- دەرىس.............................................52
22- دەرىس.............................................53
23- دەرىس.............................................55

## 2- قىسىم

1- دەرىس.................................................56
2- دەرىس.................................................58
3- دەرىس.................................................59
4- دەرىس.................................................63
5- دەرىس.................................................65
6- دەرىس.................................................66
7- دەرىس.................................................67
8- دەرىس.................................................69
9- دەرىس.................................................69
10- دەرىس................................................72
11- دەرىس................................................74
12- دەرىس................................................76
13- دەرىس................................................77
14- دەرىس................................................77
15- دەرىس................................................78
16- دەرىس................................................80

17- دەرس.................................................83
18- دەرس.................................................84
19- دەرس.................................................85
20- دەرس.................................................86
21- دەرس.................................................86
22- دەرس.................................................88
23- دەرس.................................................89
24- دەرس.................................................90
25- دەرس.................................................96
26- دەرس.................................................97
27- دەرس.................................................98
28- دەرس.................................................103
29- دەرس.................................................112
30- دەرس.................................................115

# كىرىش سۆز

## بسم الله الرحمن الرحيم

ألحمد لله رب العالمين. ألصلاة والسلام على نبينا والمرسلين والعاقبة للمتقين .

أما بعد:

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

قولىڭىزدىكى بۇ «ئەرەب تىلى دەرسلىكى گىراماتىكاقائىدىسى»، «ف، عبدالرحيم» تۈزگەن ئەرەب تىلى دەرسلىكىنىڭ 1، 2-قىسمى ئۈچۈن تۈزۈلدى .

بۇگىراماتىكا قائىدىسى ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئەرەب تىلى تەركىبى ۋە گىراماتىكا قائىدىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇ تىلنى تەتقىق قىلىپ، ئىلىم ئۆگىنىش جەريانىدا كۆرىنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىشى، ۋە ئوقۇغۇچى - ئۇستازلارنىڭ ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىغا بولغان جىددى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، شۇنداقلا خەلقىمىز «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»نىڭ چوڭقۇر مەنىسىگە يېتەلمەيۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىلمىگە تەشنا بولۇۋاتقان دىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزدىن يېتىشىپ چىقىپ، جەمىيىتىمىز ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشى مەقسەت قىلىنغان ئاساستا تۈزۈپ چىقىلدى.

بۇقوللانمىغا «ئەرەب تىلى دەرسلىكى»نىڭ 1،2-قىسمىدىكى

گىراماتىكا قائىدىلىرى ئاساسەن تولۇق كىرگۈزۈلدى .
بۇقوللانمىنىڭ 1-قىسمى ئاساسەن ئىسىملىق جۈملە، كۆرسىتىش ئالمىشى ۋە كىشىلىك ئالماشلار، ھەرخىل سۆزبىرىكمىلىرى، خاس ئىسىملار ۋە تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملارنى، 2-قىسمى ئاساسەن پېئىلغا ئوخشىغۇچى قوشۇمچىلار، پېئىللىق جۈملە، سان، پېئىل قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
بۇقوللانما «هِدَايَةُالنَّحْوِ»، «مُلَخَّصٌ»، «اَلْقَامُوْسُ الْجَدِيْدُ»، «اَلْمُنْجِدُ فِي الْغَةِ»، «اَلْمُنْجِدُالْكَبِيْرُ»، ئىسمائىل قادىر تۈزگەن «ئەرەب تىلى »نىڭ 1، 2-قىسمى، مۇتەللىپ سىدىق تۈزگەن « ئەرەب تىلىدىن ئاساس» نىڭ 3 ـ قىسمى ، «مَعْزِيٌّ» قاتارلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا تۈزۈلدى .
ئىنسان خاتالىقتىن خالى بولالمىغاچقا، كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەرنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.
ئاللاھنىڭ مۇشۇ ئىشىمىزغا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشىنى ۋە مۇشۇ ئىشىمىز ئارقىلىق ياخشىلىقىمىزنى كۆپەيتىپ بېرىشىنى سورايمىز . «آمين»

تۈزگۈچىدىن

# بسم الله الرحمن الرحيم

# 1-قىسىم

## 1 ـ دەرس

*1-قائىدە*«هٰذَا»نىڭ ئاتىلىشى ، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە ؟

ج: «هٰذَا»نىڭ ئاتىلىشى -ئەرلىك، بىرلىك، يىقىننى كۆرسىتىش ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا، ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى-«بۇ». جۈملىدىكى ئورنى - ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كىلىدۇ.

مەسىلەن: هٰذَا مَسْجِدٌ .

*2-قائىدە*جۈملەدىگەن نىمە؟

ج: تولۇق ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى بىلدۈرگەن، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكمىسى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: هٰذَامَسْجِدٌ . مُحَمَّدٌ رَسُوْلُ اللهِ .

3*-قائىدە* ئىسىملىق جۈملە دىگەن نىمە؟

ج: ئىسىم بىلەن باشلانغان جۈملە ئىسىملىق جۈملە

دەپ ئاتىلىدۇ.
مەسىلەن: هذَا قَلَمٌ .    هذَا مَكْتَبٌ .
*4-قائىدە* ئىگە دىگەن نىمە؟ خەۋەرچۇ؟ خەۋەر ئىگىگە قانچە جەھەتتە ماسلىشىدۇ؟
ج: جۈملە ئۈنىڭ بىلەن باشلانغان ئىسىم ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.
جۈملە ئۈنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان سۆز خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ .
ئىگە خەۋەرھەر ئىككىلىسى پىچ ئوقۇلىدۇ .
مەسىلەن: هذَا بَيْتٌ ،    اَلْقَلَمُ مَكْسُوْرٌ.
خەۋەر ئىگىگە ئىككى جەھەتتە ماسلىشىدۇ.
**1** -جىنسى جەھەتتە (يەنى ئەر-ئايالىلىق جەھەتتە). **2**-سان جەھەتتە (يەنى بىرلىك، ئىككىلىك، كۆپلۈك جەھەتتە).
مەسىلەن: هذَا كِتَابٌ .    هذَا مِفْتَاحٌ .
*5-قائىدە*«مَاهذَا» . بۇ جۈملىدىكى «مَا»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە ؟
ج: بۇ جۈملىدىكى «مَا»نىڭ ئاتىلىشى-سۇئال ئالمىشى.
ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى -‹ نىمە › .
جۈملىدىكى ئورنى- ئۇ دائىم جۈملىنىڭ ئەۋۋىلىدە

كىلىپ، ئەقلىسىز نەرسىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئۇئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: مَا هذَا ؟
*6-قائىدە*«أَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە ؟
ج: «أَ»نىڭ ئاتىلىشى- سۇئال قوشۇمچىسى . مەنىسى -‹....مۇ؟ ›. جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى- ئۇ دائىم جۈملىنىڭ ئەۋۋىلىدە كىلىپ، شۇجۈملىنى سۇئال جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ جاۋابى بولۇشلۇق بولسا«نَعَمْ»بىلەن، بولۇشسىز بولسا«لاَ» بىلەن جاۋاپ بىرىلىدۇ.
مەسىلەن:أَهذَا بَيْتٌ؟ نَعَمْ، هذَا بَيْتٌ . أَهذَا مِفْتَاحٌ؟ لا،هذَا قَلَمٌ .
*7-قائىدە*سۇئال جۈملە دىگەن نىمە؟ جاۋاپ جۈملە دىگەنچۇ؟
ج: سۇئال ئالمىشى ياكى سۇئال قوشۇمچىسى بىلەن باشلانغان جۈملە سۇئال جۈملە، ۋە ئۇنىڭ جاۋابى بولۇپ كەلگەن جۈملە جاۋاب جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.
مەسىلەن:مَا هذَا؟ هذَا قَمِيْصٌ . أَهذَا سَرِيْرٌ؟ لا، هذَا كُرْسِيٌّ .
*8-قائىدە*«مَنْ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە

جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «مَنْ»نىڭ ئاتىلىشى-سۇئال ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا، ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.

مەنىسى -‹ كىم؟ ›. جۈملىدىكى ئورنى- ئۇ دائىم جۈملىنىڭ ئەۋۋىلىدە كىلىپ، ئادەملەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ۋە ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە خەۋەر بولۇپ كىلىدۇ.

مەسىلەن: مَنْ هذَا؟ هذَا طَالِبٌ .

## 2 ـ دەرس

*1-قائىدە*«ذَالِكَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە ؟

ج:«ذَالِكَ»نىڭ ئاتىلىشى- ئەرلىك، بىرلىك، يىراقنى كۆرسىتىش ئالمىشى.ئۇئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.

مەنىسى ـ ‹ ئاۋۇ، ئاشۇ ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كىلىدۇ .

مەسىلەن: مَا ذَالِكَ؟ ذَالِكَ نَجْمٌ .

*2-قائىدە*«هذَا مَسْجِدٌ و ذَالِكَ بَيْتٌ» . بۇ جۈملىدىكى «و»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟

ج: بۇ جۈملىدىكى «و»نىڭ ئاتىلىشى- باغلاش قوشۇمچىسى.

مەنىسى- ‹ ۋە ›. جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى - ئۇ كۆپىنچە ئوخشاش بولغان ئىككى سۆز ياكى ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرسىدا كىلىپ، ئىككىچىسىنى بىرىنچىسگە باغلايدۇ.

مەسىلەن: مَنْ هذَا وَ مَنْ ذَالِكَ؟ هذَا مُدَرِّسٌ وَ ذَالِكَ اِمَامٌ . اُحِبُّ اللهَ وَ رَسُولَهُ .

## 3 ـ دەرس

*1-قائىدە*«ال»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكى نىمە ؟

ج: «ال»نىڭ ئاتىلىشى -تونۇشلۇق قىلىش قوشۇمچىسى.

مەنىسى - ‹ ھىلىقى › . ئالاھىدىلىكى - ئۇ تونۇشسىز ئىسىمنىڭ ئەۋۋىلىگە كىرىپ، شۇ ئىسىمنى تونۇشلۇققا ئايلاندۇرۇپ، شۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرىنى نونلىششتىن چەكلەيدۇ.

مەسىلەن: اَلْمُدَرِّسُ . اَلْجَمَلُ .

*2-قائىدە* ئەرەب تىلىدا 28ھەرىپ بار بولۇپ, ئۇلار ئاي ھەرىپلىرى ۋە قۇياش ھەرىپلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

ئاي ھەرىپلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ا، ب، ج، ح، خ، ع، غ، ف، ق، ك، م، و، ه، ي .

بۇئاي ھەرىپلىرى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ ئەۋۋىلىگە «ال» كىرسە، شۇ «ال» دىكى«لام» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: اَلْجَنَّةُ ، اَلْبَابُ ، اَلْعَيْنُ ، اَلْيَدُ .

قۇياش ھەرىپلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت : ت، ث، د، ذ، ر، ز، س، ش، ص، ض، ط، ظ، ل، ن .

بۇ قۇياش ھەرىپلىرى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ ئەۋۋىلىگە «ال» كىرسە شۇ« لام » تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ.

مەسىلەن: اَلشَّمْسُ ، اَلتَّاجِرُ ، اَلسَّمَكُ .

## 4 ـ دەرس

*1-قائىدە*«فِيْ ، عَلَى ، مِنْ ، اِلَى»نىڭ ئاتىلىشى،مەنىسى ۋە ۋەزىپىسى نىمە؟

ج:«فِيْ ، عَلَى ، مِنْ ، اِلَى»نىڭ ئاتىلىشى- ئۇلار

قوشۇمچىلىرى. «فِيْ»نىڭ مەنىسى- ‹دا، زىرقىلىش دە، تە، ئىچىدە›، «عَلَى»نىڭ مەنىسى- ‹گە، ئۈستىدە، ئۈستىگە›، «مِنْ»نىڭ مەنىسى- ‹دىن، تىن، غا، قا، قىشىدىن تەرەپتىن›، « اِلَى»نىڭ مەنىسى- ‹غا، قا، قىشىغا، تەرەپكە›.

ۋەزىپىسى- بۇلار ئىسىملارنىڭ ئەۋۋىلىدە كېلىپ، شۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنى زىر ئوقۇتۇپ، تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. بۇبىرىكمە ئىسىملىق خەۋەر بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى بەزىدە جۈملىدە ئىسىمغا، ياكى تاشلانغان پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، پېئىللىق جۈملىدە پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىدۇ .

مەسىلەن: خەۋەرنىڭ مىسالى: اَلْكِتَابُ عَلَى الْمَكْتَبِ .

پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمغا مۇناسىۋەتلىك بولغاننىڭ مىسالى: اَلْمُدَرِّسُ جَالِسٌ فِى الْفَصْلِ .

تاشلانغان پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولغاننىڭ مىسالى: أَنَا رَجُلٌ مِنَ الصِّيْنِ.

پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولغاننىڭ مىسالى: ذَهَبَ إِلى الْمُدِيْرِ .

*2 ـ قائىدە* «اَيْنَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «اَيْنَ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئورۇن رەۋىشلىك سۇئال ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى ـ ‹قەيەردە، نەدە›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە خەۋەر، پېئىللىق جۈملىدە ئورۇن تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: اَيْنَ مُحَمَّدٌ ؟ هُوَ فِي الْغُرْفَةِ .

اَيْنَ ذَهَبَ عَلِيٌّ ؟ ذَهَبَ إِلَى الْمُدِيْرِ.

*3 ـ قائىدە* «هُوَ، هِيَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: « هُوَ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئەرلىك، بىرلىك، 3 ـ شەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى.

«هِيَ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئاياللىق، بىرلىك، 3 ـ شەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى.

بۇ ئىككىسى ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسى ـ ‹ ئۇ › .

جۈملىدىكى ئورنى ـ ھەر ئىككىلىسى ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: اَيْنَ الْكِتَابُ ؟ هُوَ عَلَى الْمَكْتَبِ .

اَيْنَ السَّاعَةُ ؟ هِيَ عَلَى السَّرِيْرِ .

*4 ـ قائىدە* «مَاذَا». بۇ بولسا سۇئال ئالمىشى بولغان«مَا»غا كۆرسىتىش ئالمىشى بولغان «ذَا»نىڭ ئۇلىنىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاتىلىش ۋە مەنە جەھەتتە سۇئال ئالمىشى بولغان«مَا» غا ئوخشايدۇ. لىكىن ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە، پېئىللىق جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مَاذَا عَلَى الْمَكْتَبِ ؟ هُوَ مِنْدِيْلٌ .

مَاذَا قَرَأْتَ الْيَوْمَ ؟ قَرَأْتُ الْقُرْآنَ .

*5 ـ قائىدە* « اَنَا، اَنْتَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «اَنَا»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئەر ـ ئايالغا ئورتاق بىرلىك، 1 ـ شەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى. « اَنْتَ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئەرلىك، بىرلىك، 2 ـ شەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى. بۇ ئىككىسى ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا، ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. «اَنَا»نىڭ مەنىسى ـ ‹ مەن ›. « اَنْتَ»نىڭ مەنىسى ـ ‹ سەن ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ھەر ئىككىلىسى ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مِنْ اَيْنَ اَنْتَ ؟ اَنَا مِنَ الْكَاشِغَرِ .

***6 ـ قائىدە* پېئىللىق جۈملە دىگەن نىمە؟**

ج: پېئىل بىلەن باشلانغان جۈملە پېئىللىق جۈملە دەپ

ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: اَيْنَ عَبَّاسٌ ؟ ذَهَبَ اِلَى الْمِرْحَاضِ .

*7- قائىدە* ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ئورنى قانچە خىل بولىدۇ ؟

ج: باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ئىگىلىك كېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ.

باش كېلىش- پېش ئوقۇلۇشقا تېگىشلىك بولغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ، چۈشۈم كېلىش- زەبەر ئوقۇلۇشقا تېگىشلىك بولغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ، ئىگىلىك كېلىش- زىر ئوقۇلۇشقا تېگىشلىك بولغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: هَذَا مُدَرِّسٌ، رَاَيْتُ مُدَرِّسًا، ذَهَبَ عَبَّاسٌ اِلَى الْمُدَرِّسِ .

*8-قائىدە * تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ئىسىم دىگەن نىمە ؟

ج: نونلاشمايدىغان ، پېش، زەبەر ئوقۇلىدىغان ۋە زىر ئوقۇلىدىغان ئورۇندىمۇ زەبەر ئوقۇلىدىغان ئىسىم تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ .

مەسىلەن: هِيَ فَاطِمَةُ. رَاَيْتُ فَاطِمَةَ . ذَهَبَ الْمُدَرِّسُ اِلَى فَاطِمَةَ. *9- قائىدە* خاس ئىسىملارنى چۈشىنىپ ئۆتىمىز.

بىر شەخس ياكى بىر ئورۇننىڭ خاس نامىنى

بىلدۈرىدىغان ئىسىم خاس ئىسىم دېيىلىدۇ.
مەسىلەن: حَامِدٌ ، صِيْنٌ .
ئادەملەرنىڭ خاس ئىسىملىرى ئەرلىك ۋە ئاياللىق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
مەسىلەن: خَالِدٌ ، زَيْنَبُ .
ئايالچە خاس ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ئىسىملاردىن بولۇپ، ئىگىلىك كېلىش ئورنىدا زىر ئوقولماي زەبەر ئوقۇلىدۇ. ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرى نۇنلاشمايدۇ.
مەسىلەن: مَرْيَمُ ، عَائِشَةُ ، عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا .

## 5 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* ئىزاپەتلىك بىرىكمە دېگەن نىمە؟
ج: ئىككى ئىسىم ئۆزئارا بىرىكىپ، ئىككىنچى ئىسىم بىرىنچى ئىسىمنى ئىنىقلاپ كەلگەن بىرىكمە ئىزاپەتلىك بىرىكمە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بىرىكمىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى ئىنىقلانغۇچى، ئىككىنچى بۆلىكى ئىنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنىقلانغۇچىنىڭ ئاخىرى نۇنلاشمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپىنچە «ال» كىرمەيدۇ. ئىنىقلىغۇچىغا «ال» كىرسە تاق زىر، «ال» كىرمىسە

قوش زىر ئوقۇلىدۇ. بۇ بىرىكمە جۈملىنىڭ ھەرخىل بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ.
مەسىلەن: سَيَّارَةُ الْمُدَرِّسِ جَمِيْلَةٌ . هَذَا كِتَابُ مُحَمَّدٍ .
*2- قائىدە* «يَا»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكى نىمە؟
ج: «يَا»نىڭ ئاتىلىشى- چاقىرىق قوشۇمچىسى. مەنىسى- ( ھەي، ھوي، ئى ). ئالاھىدىلىكى- ئۇ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ خاس ۋە ئورتاق ئىسىملىرىغا كىرىپ، قاراتما سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. ۋە ئۇنىڭدىن كېينكى ئىسىم چاقىرىلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ چاقىرىلغۇچى ئىسىم كۆپىنچە تاق پىچ ئوقۇلىدۇ.
مەسىلەن: يَا يَاسِرُ . يَا أُسْتَاذُ . {يَا سَمَاءُ اَقْلِعِيْ} .
*3- قائىدە*«هُنَا، هَاهُنَا، هُنَاكَ، هُنَالِكَ» نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج: «هُنَا، هَاهُنَا»نىڭ ئاتىلىشى- يېقىن ئورۇننى كۆرسىتىش ئالمىشى. مەنىسى- ( بۇيەردە، مۇشۇ يەردە ). «هُنَاكَ، هُنَالِكَ»نىڭ ئاتىلىشى- يىراق ئورۇننى كۆرسىتىش ئالمىشى. مەنىسى- ( ئاۋۇ يەردە، ئاشۇ يەردە، ئۇيەردە، ئىشۇ يەردە ).

جۈملىدىكى ئورنى ـ **ئۇلار** ئىسىملىق جۈملىدە بەزىدە خەۋەر، بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمنىڭ ياكى تاشلانغان پېئىلنىڭ ئورنىدا تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ . پېئىللىق جۈملىدە پېئىلنىڭ ئورنىدا تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ.

مەسىلەن: خەۋەرنىڭ مىسالى: يَا أُسْتَاذُ . هَاهُنَا عَقْرَبٌ .

اِجْتِمَاعُ الْمُدَرِّسِيْنَ غَدًا هُنَاكَ .

تولدۇرغۇچىنىڭ مىسالى: جَلَسَ الْمُدَرِّسُ هُنَا .

{هُنَالِكَ دَعَا زَكَرِيَّا } .

سۈپەتنىڭ مىسالى: هُوَ عَلَى الْمَكْتَبِ هُنَاكَ .

*4 ـ قائىدە* «تَحْتَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «تَحْتَ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئۆزگىرىشچان ئورۇن رەۋىشى. مەنىسى ـ ‹ ئاستىدا ، تۆۋىنىدە ، تىگىدە ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملار بىلەن ئىزاپەت بىرىكمە ئىنتىقالانغۇچى بولىدۇ. بۇ بىرىكمە ئىسىملىق جۈملىدە بەزىدە خەۋەر، بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمنىڭ، ياكى تاشلانغان پېئىلنىڭ ئورنىدا تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. پېئىللىق جۈملىدە كۆپىنچە پېئىلنىڭ ئورنىدا تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ.

مەسىلەن: هِيَ تَحْتَ الْمَكْتَبِ . وَضَعْتُ حَقِيْبَتِيْ

تَحْتَ الْمَكْتَبِ . اَلْكِتَابُ مَوْضُوْعٌ تَحْتَ الْمَكْتَبِ .

*5 ـ قائىدە* «اِبْنٌ، اِسْمٌ»غا ئوخشاش ئەۋىلىدە زىرلىق ھەمزە كەلگەن كۆپىنچە ئىسىملارنىڭ ھەمزىسى ئۇلانما ھەمزە بولغاچقا، جۈملىنىڭ ئەۋىلىدە كەلسە ھەركەتلىك، جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە ھەركەتسىز كېلىدۇ.

مەسىلەن: اِسْمُ الْوَلَدِ مُحَمَّدٌ وَاسْمُ الْبِنْتِ زَيْنَبُ .

اِبْنُ الْمُدَرِّسِ فِي الْفَصْلِ ، اَيْنَ ابْنُ الْمُدِيْرِ؟

## 6 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* «هٰذِهِ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «هٰذِهِ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئاياللىق، بىرلىك، يېقىننى كۆرسىتىش ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.

مەنىسى ـ ‹ بۇ ›.

جۈملىدىكى ئورنى ـ **ئۇ** ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: هٰذِهِ اُخْتُ الْمُهَنْدِسِ . هَذِهِ مِكْوَاةٌ .

*2 ـ قائىدە*«اَيْضًا»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟

ج: «اَيْضًا»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئىنىق سۈپەتداش مەنىسىدىكى سۆز تومۇرى بولۇپ ھالەت. مەنىسى ـ ‹ ...مۇ، ھەم ›. (لۇغەت مەنىسى ـ قايتقۇچى بولغان ھالەتتە). ئالاھىدىلىكى ـ ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەن جۈملە مەزمۇنىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا ئەگەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يۈكلىمە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: هٰذِهِ اُخْتُ الْمُهَنْدِسِ . أَهِيَ اَيْضًا مُهَنْدِسَةٌ ؟

*3 ـ قائىدە* «لِ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە ۋەزىپىسى نىمە؟

ج: «لِ»نىڭ ئاتىلىشى ـ زىر قىلىش قوشۇمچىسى. مەنىسى ـ ‹ نىڭ، غا خاس، ئۈچۈن ›. ۋەزىپىسى ـ ئۇ ئىسىملارنىڭ ئەۋۋىلىگە قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئاخىرىنى زىر ئوقۇتۇپ، تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىرىكمە ئىسىملىق جۈملىدە بەزىدە خەۋەر، بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمغا، ياكى تاشلانغان پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كىلىدۇ. پېئىللىق جۈملىدە كۆپىنچە پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كىلىدۇ.

مەسىلەن: اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ. هٰذَا ضَمِيْرٌ مُنَاسِبٌ

لِلْمُخَاطَبِ . دُرُوْسُ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ لِغَيْرِالنَّاطِقِيْنَ بِهَا . اِشْتَرَيْتُ هَذَا الْكِتَابَ لِخَالِدٍ .

*4 ـ قائىدە*«جِدًّا»نىڭ ئاتىلىشى،مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟

ج:«جِدًّا»نىڭ ئاتىلىشى ـ پىئېلى تاشلانغان مەنبەداش تولدۇرغۇچى. مەنىسى ـ ‹ ناھايىتى، بەك، ئىنتايىن ›. (لۇغەت مەنىسى ـ يىتەرلىك بولدى بىر يىتەرلىك بولماقلىقتا،راست بولدى بىر راست بولماقلىقتا).

جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى ـ ئۆزىنىڭ ئەۋۋىلىدىكى سۆزنىڭ مەنىسىنى كۈچلەندۈرۈپ ،تەكىتلەشنى ئۇقتۇرىدۇ.

مەسىلەن: سَاعَةُ عَلِيٍّ جَمِيْلَةٌ جِدًّا .

*5 ـ قائىدە*ئاخىرىدا كىچىك «ة» بولغان ئىسىملار، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ جۈپ ئەزالىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئايالچە ئىسىملار دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: هذِهِ سَاعَةٌ . هَذِهِ رِجْلٌ .

ئاخىرىدا كىچىك«ة» بولمىسىمۇ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ جۈپ ئەزالىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار بولمىسىمۇ، ئەرەپلەر ئايالچە ئىسىملارغا ئوخشاش قوللانغان ئىسىملارمۇ ئايالچە ئىسىملار دەپ

ئاتىلىدۇ.
مەسىلەن: هٰذِهِ قِدْرٌ .

## 7 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* «تِلْكَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج:«تِلْكَ» نىڭ ئاتىلىشى ـ ئايالىق، بىرلىك، يىراقنى كۆرستىش ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا هەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.
مەنىسى ـ ‹ ئاۋۇ، ئاشۇ ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كىلىدۇ.
مەسىلەن: تِلْكَ فَاطِمَةٌ . تِلْكَ بَيْضَةٌ .

## 8 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە*كۆرستىش ئالماشلىق بىرىكمە دىگەن نىمە؟ كۆرستىلگۈچى كۆرسەتكۈچگە قانچە جەهەتتىن ماسلىشىدۇ؟
ج:كۆرستىش ئالمىشى بىلەن تونۇشلۇق ئىسىمنىڭ ئۆز ـ ئارا بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە كۆرستىش

ئالماشلىق بىرىكمە دەپ ئاتىلىدۇ. كۆرسىتىلگۈچى كۆرسەتكۈچىگە ئۈچ جەھەتتىن ماسلىشىدۇ. (1) جىنسى جەھەتتە(يەنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق جەھەتتە)، (2) سان جەھەتتە(يەنى بىرلىك، ئىككىلىك، كۆپلۈك جەھەتتە)، (3) ھەركەت جەھەتتە(يەنى پىچ، زەبەر، زىر جەھەتتە). بۇ بىرىكمە ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە، پېئىللىق جۈملىدە بەزىدە پېئىل ئىگىسى، بەزىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: هٰذَا الرَّجُلُ تَاجِرٌ . جَاءَ ذَالِكَ الرَّجُلُ . رَاَيْتُ تِلْكَ السَّيَّارَةَ .

2 ـ قائىدە: «اَمَامَ»ۋە«خَلْفَ»نىڭ ئاتىلىشى،مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «اَمَامَ»ۋە«خَلْفَ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئۆزگىرىشچان ئورۇن رەۋىشى. «اَمَامَ»نىڭ مەنىسى ـ ‹ ئالدىدا، ئۇدۇلىدا ›.

«خَلْفَ»نىڭ مەنىسى ـ ‹ كەينىدە، ئارقىسىدا ›.

جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىككىسى دائىم ئىسىملار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ شۇ بىرىكمىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى بولىدۇ. بۇ بىرىكمە ئىسىملىق جۈملىدە بەزىدە خەۋەر، بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمنىڭ ياكى تاشلانغان پېئىلنىڭ ئورۇن تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. پېئىللىق جۈملىدە كۆپىنچە پېئىلنىڭ ئورۇن

تولدۇرغۇچىسى بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: خەۋەرنىڭ مىسالى: بَيْتُ التَّاجِرِ اَمَامَ الْمَسْجِدِ وَ بَيْتُ االطَّبِيْبِ خَلْفَ الْمَدْرَسَةِ .
پېئىلنىڭ مىسالى: جَلَسَ عَلِىٌّ اَمَامَ الْمِحْرَابِ وَجَلَسَ حَامِدٌ خَلْفَ عَلِىٍّ.
*3-قائىدا* ئاخىرىدا «ي» شەكىللىك «ا» ياكى ئاشكارە «ا» بولغان ئىسىملاردا باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتە ھەركەت ئاشكارە كەلمەيدۇ. ئۇ ئىسىملارنى باش كېلىشتە پېش، چۈشۈم كېلىشتە زەبەر، ئىگىلىك كېلىشتە زىر ئوقۇلدى دەپ قىياس قىلىمىز. مەسىلەن: باش كېلىشنىڭ مىسالى: هذَا الْمُسْتَشْفَى جَدِيْدٌ . أَمْرِيكَا دَوْلَةٌ كَبِيْرَةٌ .
چۈشۈم كېلىشنىڭ مىسالى: وَصَلْتُ الْمُسْتَشْفَى . وَصَلْتُ أَمْرِيكَا.
ئىگىلىك كېلىشنىڭ مىسالى: مُحَمَّدٌ الآنَ فِى الْمُسْتَشْفَى . هَذَا الْمُهَنْدِسُ مِنْ أَمْرِيكَا.

# 9 ـ دەرس

## ـ تېكىست

*1 ـ قائىدە* سۈپەتلىك بىرىكمە دېگەن نىمە؟ سۈپەتلىگۈچى سۈپەتلەنگۈچىگە قانچە جەھەتتىن ماسلىشىدۇ؟

ج: ئىككى ئىسىم ئۆز ـ ئارا بىرىكىپ ئىككىنچى ئىسىم بىرىنچى ئىسىمنى سۈپەتلەپ كەلگەن بىرىكمە سۈپەتلىك بىرىكمە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بىرىكمە جۈملىنىڭ ھەرخىل بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ.

سۈپەتلىگۈچى سۈپەتلەنگۈچىگە تۆت جەھەتتىن ماسلىشىدۇ.

(1) جىنسى جەھەتتە (يەنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق جەھەتتە)،(2) سان جەھەتتە (يەنى بىرلىك،ئىككىلىك،كۆپلۈك جەھەتتە)، (3)ھەركەت جەھەتتە (يەنى پىچ، زەبەر، زىر جەھەتتە) ، (4)تونۇشلۇق ـ تونۇشسىز جەھەتتە.

مەسىلەن: اَلطَّالِبُ الْجَدِيْدُ فِي الْمُسْتَشْفَى .

اَلْعَرَبِيَّةُ لُغَةٌ سَهْلَةٌ . هُوَ ابْنُ الْمُدِيْرِ الْجَدِيْدِ .

*2 ـ قائىدە*ھال ـ ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملاردىن «فَعْلاَنُ» ئۆلچىمدە يىرىم سۈپەتداش ئىسىم

ياسىلىدۇ. بۇ ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ئىسىملار بولۇپ، ئىگىلىك كېلىش ئورنىدا زىر ئوقۇلماي زەبەر ئوقۇلىدۇ. ئۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرى نۇنلاشمايدۇ.
مەسىلەن: عَبَّاسٌ كَسْلاَنُ . سَأَلْتُ كَسْلاَنَ . ذَهَبْتُ إِلَى كَسْلاَنَ .

## ❖ 2 ـ تېكىست ❖

*3 ـ قائىدە*«اَلَّذِىْ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج:«اَلَّذِىْ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئەرلىك، بىرلىك نىسپى ئالماش.

ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.

مەنىسى ـ ( . . . غان، . . . قان، . . . گەن، . . . كەن، . . . . دىغان، . . . ۋاتقان كىشى ). جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ پېئىللىق جۈملە، ئىسىملىق جۈملە،رەۋىشلىك بىرىكمە ۋە تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىرگە كېلىپ نىسپى ئالماشلىق سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىرىكمە جۈملىنىڭ ھەرخىل بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ.

مەسىلەن: ئىگىنىڭ مىسالى: مَنِ الَّذِىْ خَرَجَ الآنَ مِنَ الْفَصْلِ .

خەۋەرنىڭ مىسالى: {اَللهُ اَلَّذِىْ خَلَقَ سَبْعَ سَمَوَاتٍ} .

تولدۇرغۇچىنىڭ مىسالى: سَأَلْتُ الَّذِىْ خَرَجَ الآنَ مِنَ الْفَصْلِ .

ئورۇنداش ئىزاھلىغۇچىنىڭ مىسالى: مَنْ ذَلِكَ الرَّجُلُ الطَّوِيْلُ الَّذِىْ خَرَجَ الآنَ مِنَ الْمَدْرَسَةِ .

**دىققەت : بۇ جۈملىدىكى‹ الَّذِىْ ›نى ‹ اَلرَّجُلُ › نىڭ ئىككىنچى سۈپىتى دىيىشكىمۇ بولىدۇ .**

ئىنىقلىغۇچىنىڭ مىسالى: هذَا كِتَابُ الَّذِىْ خَرَجَ الآنَ مِنَ الْفَصْلِ .

**سۈپەتنىڭ مىسالى** : الكِتَابُ الَّذِىْ عَلَى الْمَكْتَبِ لِلْمُدَرِّسِ .

## 10 ـ دەرس

***1 ـ قائىدە* «ب»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە ۋەزىپىسى نىمە؟**

**ج: «ب»نىڭ ئاتىلىشى ـ زىر قىلىش قوشۇمچىسى.**

**مەنىسى ـ ‹**

**بىلەن، ...دا، ...دە، ...تا، ...تە، ...نى، ...غا›.**

**ۋەزىپىسى ـ ئۇ ئىسىملارنىڭ ئەۋۋىلىگە قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنى زىر ئوقۇتۇپ تولۇقسىز سۆز**

بىرىكمىسى هاسىل قىلىدۇ. بۇ بىرىكمە ئىسىملىق جۈملىدە بەزىدە خەۋەر، بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمغا مۇناسىۋەتلىك ياكى تاشلانغان پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: خەۋەرنىڭ مىسالى: مَا بِكَ ؟

تاشلانغان پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولغاننىڭ مىسالى:

اَنَا طَالِبٌ بِالْجَامِعَةِ .

پېئىللىق جۈملىدە كۆپىنچە پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: خَرَجْتُ مِنَ الْفَصْلِ بِخَالِدٍ .

*2 ـ قائىدە* جۈملە خەۋەر دىگەن نىمە؟

ج: ئىگە بولغان بىر ئىسىمدىن كېيىن ئىسىملىق ياكى پېئىللىق جۈملە كېلىپ، شۇ جۈملىدە ئۇ ئىگىگە قايتىدىغان بىر ئالماش بولسا ۋە شۇ جۈملە ئۇ ئىگىنىڭ خەۋىرى بولسا، بۇ خىلدىكى جۈملە جۈملە خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: اُخْتِيْ لَهَا طِفْلٌ صَغِيْرٌ . اَلْمُدَرِّسُ خَرَجَ مِنَ الْفَصْلِ .

*3 ـ قائىدە* جۈملە سۈپەت دىگەن نىمە؟

ج:جۈملە تەركىبىدىكى بىر يەككە ئىسىمدىن كېيىن بىر ئىسىملىق جۈملە، ياكى پېئىللىق جۈملە كېلىپ، شۇ جۈملىدىكى بىر ئالماش ئۇ يەككە ئىسىمغا

قايتىپ، شۇ جۈملە ئۇ يەككە ئىسىمنى سۈپەتلەپ كەلسە، بۇخىلدىكى جۈملە جۈملە سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: لِيْ أُخْتٌ وَاحِدَةٌ اِسْمُهَا زَيْنَبُ . لِيْ اَخٌ حَسُنَ خُلُقًا .

*4 ـ قائىدە* «ـــهُ، ــهَا، ــكَ، ــِىْ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «ـــهُ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئەرلىك، بىرلىك، 3 ـ شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى. «ــهَا»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئاياللىق، بىرلىك، 3 ـ شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى. «ــكَ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئەرلىك، بىرلىك، 2 ـ شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى. « ــِىْ » نىڭ ئاتىلىشى ـ ئەر ـ ئايالغا ئورتاق، بىرلىك، 1 ـ شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.

«ـــهُ، ــهَا»نىڭ مەنىسى ـ ‹ ئۇنىڭ، ئۇنى ›. «ــكَ»نىڭ مەنىسى ـ ‹ سىنىڭ، سىنى ›. «ــِىْ»نىڭ مەنىسى ـ ‹ مىنىڭ، مىنى ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ بۇلار ئىسىمغا ئۇلانسا ئىنتىقلىغۇچى، پېئىلغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: بَيتُهُ ، بَيتُهَا ، بَيتُكَ ، بَيْتِىْ ، اُحِبُّكَ ، اُحِبُّهُ .

*5 ـ قائىدە* «عِنْدَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج ؛«عِنْدَ » نىڭ ئاتىلىشى ـ ئۆزگىرىدىغان ئورۇن ـ ۋاقىت رەۋىشى. مەنىسى ـ ( قېشىدا ، . . .غاندا ، . . .غان چاغدا ، كۆزقارىشىدا ، نەزىرىدە ، دەرگاھىدا ، ئالدىدا ، ھوزۇرىدا ، چاغدا ، . . .دا ، . . .دە ).

جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ دائىم ئىسىملار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ 1 ـ بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ بىرىكمە ئىسىملىق جۈملىدە بەزىدە خەۋەر بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمنىڭ ياكى تاشلانغان پېئىلنىڭ ئورۇن ياكى ۋاقىت تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. پېئىللىق جۈملىدە كۆپىنچە پېئىلنىڭ ئورۇن ياكى ۋاقىت تولدۇرغۇچىسى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: خەۋەرنىڭ مىسالى: أَعِنْدَكَ دَرَّاجَةٌ ؟

ئورۇن تولدۇرغۇچىنىڭ مىسالى: جَلَسَ الطَّالِبُ عِنْدَ الْمُدِيْرِ.

ۋاقىت تولدۇرغۇچىنىڭ مىسالى: ذَهَبْتُ عِنْدَ زَوَالِ الشَّمْسِ.

*6 ـ قائىدە* تەتۈر ئىسىملىق جۈملە دېگەن نىمە؟
ج: ئىگىسى تونۇشسىز ئىسىمدىن بولۇپ كىيىن كەلگەن ۋە خەۋىرى بولسا رەۋىشتىن، ياكى تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسىدىن بولۇپ ئىلگىرى كەلگەن جۈملە تەتۈر ئىسىملىق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.
مەسىلەن: عِنْدِيْ سَيَّارَةٌ . أَ لَكَ أَخٌ . فِيْهِ اَحَدٌ .
*7 ـ قائىدە* زىر قىلىش قوشۇمچىسى بولغان «لِ» ئەر ـ ئايالغا ئورتاق بىرلىك، 1 ـ شەخس ئۈلانما كىشىلىك ئالمىشى بولغان «ي»نىڭ ئالدىغا قوشۇلسا زىرلىق ئوقۇلىدۇ. لىكىن ئۇ«لِ» باشقا ئۈلانما كىشىلىك ئالماشلارنىڭ ئالدىغا قوشۇلسا زەبەر ئوقۇلىدۇ ۋە خاسلاشتۇرۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.
مەسىلەن: لَهُ ، لَكَ ، لِيْ ، لَنَا .
*8 ـ قائىدە* «مَا عِنْدِيْ سَيَّارَةٌ». بۇ جۈملىدىكى «مَا»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟
ج: بۇجۈملىدىكى«مَا»نىڭ ئاتىلىشى ـ بولۇشسىز قىلىش قوشۇمچىسى. مەنىسى ـ ‹ يوق، ئەمەس .›
جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى ـ ئۇ جۈملىنىڭ ئەۋۋىلىگە كىرىپ جۈملىنىڭ مەزمۇننى بولۇشسىز قىلىدۇ.
مەسىلەن: مَا لِيْ اَخٌ . مَا عِنْدِيْ سَيَّارَةٌ . مَا

عِنْدِيْ كِتَابٌ .

***9 ـ قائىدە*** «مَعَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «مَعَ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئۆزگىرىشچان ئورۇن ـ ۋاقىت رەۋىشى. مەنىسى ـ ( بىلەن بىللە، بىلەن بىرگە، ...دا، ...دە، قېشىدا، قېشىدىن ). جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ كۆپىنچە ئىسىملار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ، ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى بولىدۇ.

بۇ بىرىكمە ئىسىملىق جۈملىدە بەزىدە خەۋەر، بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمنىڭ ياكى تاشلانغان پېئىلنىڭ ئورۇن ياكى ۋاقىت تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. پېئىللىق جۈملىدە پېئىلنىڭ ئورۇن ياكى ۋاقىت تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ.

مەسىلەن: خەۋەرنىڭ مىسالى: مَعِيْ زَمِيْلِيْ .

پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولغانىنىڭ مىسالى:

اَلْمُدَرِّسُ جَالِسٌ مَعَ الْمُدِيْرِ .

ۋاقىت تولدۇرغۇچى بولغانىنىڭ مىسالى: ذَهَبْتُ إِلَى بَيْتِكَ مَعَ الْعَصْرِ.

ئورۇن تولدۇرغۇچى بولغانىنىڭ مىسالى: جَلَسَ اَلْمُدَرِّسُ مَعَ الْمُدِيْرِ.

**10*ـ قائىدە* « اَخٌ ، اَبٌ ، فَمٌ ، حَمٌ ، ذُوْ » قاتارلىق بۇ بەش ئىسىم يالغۇز كەلسە ئاملىنىش تەقەززاسى بويىچە ئوقۇلىدۇ .**

**مەسىلەن:** هذَا اَخٌ . رَاَيْتُ اَخًا . هذَا لأَخٍ .

**ئەگەر بۇ بەش ئىسىم ئىزاپەت بىرىكسە ، باش كىلىشتە پىچقا بەلگە بولغان« و» بىلەن،چۈشۈم كىلىشتە زەبەرگە بەلگە بولغان « ا » بىلەن، ئىگىلىك كىلىشتە ، زىرغا بەلگە بولغان « ي » بىلەن كىلىدۇ.**

مەسىلەن: هذَا اَخُوْكَ ، رَاَيْتُ أَخَاكَ ، هذَا لأَخِيْكَ .

**11*ـقائىدە* هەر قانداق ئىسىم 1ـشەخس « ي » سى بىلەن ئىزاپەت بىرىكسە هەركەت قىياسەن بولىدۇ.**

**مەسىلەن:** هذَا اَخِيْ . رَاَيْتُ اَخِيْ . هذَا لأَخِيْ .
هذِهِ اُمِّيْ . رَاَيْتُ أُمِّيْ.

**12*ـ قائىدە*** ئاخىرىدا كىچىك«ة» بولغان ئەرەنچە خاس ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ئىسىملارنىڭ قاتارىدىن. بۇنداق ئىسىملار ئىگىلىك كىلىش ئورنىدا زىر ئوقۇلماي زەبەر ئوقۇلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرى نۇنلاشمايدۇ.

مەسىلەن: حَمْزَةُ. مُعَاوِيَةُ. عِكْرَمَةُ. عَنْ مُعَاوِيَةَ

رَضِيَ اللهُ عَنْهُ. *13 ـ قائىدە*رەۋىش بولغان«عِنْدَ» بىلەن زىر قىلىش قوشۇمچىسى بولغان «لِ»نىڭ پەرقىنى چۈشىنىپ ئۆتىمىز.
«عِنْدَ»بىرنەرسىنىڭ مۇتلەق قىشىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن: عِنْدِيْ كِتَابٌ . اَبِيْ عِنْدَ الْمُدِيْرِ.
«لِ» بىر نەرسىنىڭ خاس ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن: لِيْ اَخٌ . هَذَا الْقَلَمُ لِعَائِشَةَ .

## 11 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە*«فِيْ» ۋە ئۇنىڭدىن باشقا زىر قىلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارنىڭ ئەۋۋىلىگە قوشۇلسا، ئۇ ئالماشلارنى ئورۇن جەھەتتە زىر ئوقۇتۇپ تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىرىكمە ئىسمىلىق جۈملىدە بەزىدە خەۋەر، بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمغا، ياكى تاشلانغان پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىدۇ. پېئىللىق جۈملىدە پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: فِيْهَا نَافِذَةٌ كَبِيْرَةٌ . دَخَلَ اَلْمُدَرِّسُ عَلَيَّ .
*2 ـ قائىدە*ھەرقانداق كېلىدىغان زامان بىرلىك، ۋە

كۆپلۈك 1ـ شەخس پېئىللىردا پېئىل ئىگىسى يوشۇرۇن ئالماشتىن كېلىدۇ.

مەسىلەن: بىرلىك پېئىلنىڭ مىسالى: أُحِبُّ أَبِيْ وَأُمِّيْ .

كۆپلۈك پېئىلنىڭ مىسالى: نُحِبُّ رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

## 12 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* «كَيْفَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «كَيْفَ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ھالەتلىك سۇئال ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى ـ (قانداق؟، قانداقراق؟ ).

جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە خەۋەر، پېئىللىق جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: كَيْفَ حَالُكَ ؟ كَيْفَ عَرَفْتَ ذَالِكَ ؟

*2 ـ قائىدە* «أَنْتِ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «أَنْتِ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئاياللىق، بىرلىك، 2ـ شەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ

ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى ـ ﴿ سىز ﴾. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مِنْ اَيْنَ اَنْتِ ؟

*3 ـ قائىدە* «ـكِ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «ـكِ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئاياللىق، بىرلىك، 2 ـ شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.

مەنىسى ـ ﴿ سىزنىڭ، سىزنى ﴾. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملارغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىللارغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مَا اسْمُكِ؟ سَأَلَكِ الْمُدَرِّسُ.

*4 ـ قائىدە* «اَلَّتِيْ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «اَلَّتِيْ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئاياللىق، بىرلىك نىسپى ئالماش.

ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.

مەنىسى ـ ﴿ . . غان، . . قان، . . گەن، . . كەن، . . .

ۋاتقان كىشى ›.

جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ پېئىللىق جۈملە،ئىسىملىق جۈملە، رەۋىشلىك بىرىكمە   ياكى تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىرگە كېلىپ نىسپى ئالماشلىق سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىرىكمە جۈملىنىڭ ھەرخىل بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ.

مەسىلەن: ئەگىنىڭ مىسالى: مَنِ الَّتِيْ خَرَجَتِ الآنَ مِنَ الْفَصْلِ.

خەۋەرنىڭ مىسالى: فَاطِمَةُ الَّتِيْ خَرَجَتِ الآنَ مِنَ الْفَصْلِ.

*5 ـ قائىدە* ئاخىرى ساكىنلىق پېئىللارنى ئۆزىدىن كېيىنكى «ال» كىرگەن ئىسىمغا ئۇلىماقچى بولساق، ئۇ پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى ساكىنلىق ھەرىپكە زىر ھەركەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلايمىز.

مەسىلەن:   جَلَسَتِ الطَّالِبَةُ .  اِمْلاَءِ الْفَرَاغَ.

## 13 ـ دەرس

### 1 ـ تېكىست

*1 ـ قائىدە* «هؤُلاَءِ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «هؤُلاَءِ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئەر،ئايالغا ئورتاق،

كۆپلۈك، يىقىننى كۆرسىتىش ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى - ‹ بۇلار ›. جۈملىدىكى ئورنى - ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مَنْ هؤُلاَءِ ؟

*2 - قائىدە* «هُمْ طُلاَّبٌ جُدُدٌ». بۇ جۈملىدىكى «هُمْ»نىڭ ئاتىلىشى مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «هُمْ»نىڭ ئاتىلىشى - ئەرلىك، كۆپلۈك، 3 - شەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى - ‹ ئۇلار ›. جۈملىدىكى ئورنى - ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: هُمْ زُمَلاَئِيْ . هُمْ حُجَّاجٌ .

*3 - قائىدە* «مَا أَسْمَاءُهُمْ ؟». بۇ جۈملىدىكى « هُمْ »نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: بۇ جۈملىدىكى «هُمْ»نىڭ ئاتىلىشى - ئەرلىك، كۆپلۈك، 3 - شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت

شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.
مەنىسى ـ ‹ ئۇلارنىڭ، ئۇلارنى ›.
جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملارغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىللارغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: اَسْمَاءُهُمْ . بَعْضُهُمْ . اُحِبُّهُمْ.
*4 ـ قائىدە*«اَفْعِلاءُ ، فُعَلاَءُ» ئۆلچىمىدىكى ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ئىسىملاردىن. بۇ ئىسىملار ئىگىلىك كېلىش ئورنىدا زىرئۇقۇلماي زەبەر ئوقۇلىدۇ.
مەسىلەن: هُمْ اَصْدِقَاءُكَ . رَاَيْتُ اَصْدِقَاءَكَ . هذَا لأَصْدِقَاءَ .
هؤُلآءِ فُقَرَاءُ . رَاَيْتُ فُقَرَاءَ . هذَا لِفُقَرَاءَ .

## 2 ـ تېكىست

*5 ـ قائىدە* «هُنَّ اَخَوَاتٌ». بۇ جۈملىدىكى «هُنَّ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج:بۇ جۈملىدىكى «هُنَّ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئاياللىق، كۆپلۈك، 3 ـ شەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى ـ ‹ ئۇلار ›.
جۈملىدىكى ئورنى ـ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە

بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: أَأَخَوَاتٌ هُنَّ ؟
*6 ـ قائىدە* «بَيْتُهُنَّ قَرِيْبٌ».
بۇجۈملىدىكى«هُنَّ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج:بۇ جۈملىدىكى «هُنَّ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئاياللىق، كۆپلۈك، 3 ـ شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى ـ ‹ ئۇلارنىڭ، ئۇلارنى ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملارغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىللارغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: أُمُّهُنَّ أُسْتَاذَتِيْ . أُحِبُّهُنَّ .
*7 ـ قائىدە* ئاخىرىدا«آتٌ» قوشۇمچىسى بولغان ئىسىملار، ئاياللىق پۈتۈن كۆپلۈك ئىسىملار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىسىملار چۈشۈم كېلىش ئورنىدا زەبەر ئوقۇلماي زىرئوقۇلىدۇ .
مەسىلەن: هُنَّ اَخَوَاتٌ . رَأَيْتُ أَخَوَاتٍ . هؤُلاَءِ لأَخَوَاتٍ .
*8 ـ قائىدە* ئورۇنداش ئىزاھلىق بىرىكمە دىگەن نىمە؟
ج: ئىككى يەككە ئىسىم ئۆز ـ ئارا بىرىكىپ،

ئىككىنچى ئىسىم بىرىنچى ئىسىمنى مەنە جەھەتتىن ئىزاھلاپ كەلسە بۇخىلدىكى بىرىكمە ئورۇنداش ئىزاھلىق بىرىكمە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بىرىكمىنىڭ 1 ـ بۆلىكى ئورۇنداش ئىزاھلانغۇچى، 2 ـ بۆلىكى ئورۇنداش ئىزاھلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بىرىكمىنىڭ 2 ـ بۆلىكى 1 ـ بۆلىكىگە جىنس، سان ۋە ھەركەت جەھەتتە ماسلىشىدۇ.

مەسىلەن: اَبُوْهُنَّ الشَّيْخُ بِلاَلٌ .

## ✥ 3 ـ تىكىست ✥

*9 ـ قائىدە* «أُوْلَئِكَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «أُوْلَئكَ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئەر ـ ئايالغا ئورتاق، كۆپلۈك، يىراقنى كۆرسىتىش ئالمىشى.

ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.

مەنىسى ـ ‹ ئاۋۇلار، ئاشۇلار ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: أُوْلَئِكَ طُلاَّبٌ وَ أُوْلَئِكَ طَالِبَاتٌ .

# 14 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* «أَنْتُمْ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «أَنْتُمْ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئەرلىك، كۆپلۈك، 2 ـ شەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى ـ ‹ سىلەر ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كىلىدۇ.

مەسىلەن: أَأَنْتُمْ مُدَرِّسُوْنَ ؟

*2 ـ قائىدە*«كُمْ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج:«كُمْ»نىڭ

ئاتىلىشى ـ ئەرلىك،كۆپلۈك،2 ـ شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.

مەنىسى ـ ‹ سىلەرنىڭ، سىلەرنى ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملارغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىلغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كىلىدۇ.

مەسىلەن: كَيْفَ حَالُكُمْ ؟ أُحِبُّكُمْ.

*3 ـ قائىدە*«نَحْنُ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە

جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج:«نَحْنُ»نىڭ ئاتىلىشى ــــ ئەر ـ ئايالغا ئورتاق، كۆپلۈك، 1 ـ شەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى ـ ﴿ بىز ﴾. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: نَحْنُ اَبْنَاءُ الدُّكْتُوْرِ مُوْسَى.
*4 ـ قائىدە* «نَا»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج: «نَا»نىڭ ئاتىلىشى ــ ئەر ـ ئايالغا ئورتاق، كۆپلۈك، 1 ـ شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى ـ ﴿ بىزنىڭ، بىزنى ﴾. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملارغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىللارغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: مَدْرَسَتُنَا كَبِيْرَةٌ . يُحِبُّنَا الْمُدَرِّسُ .
*5 ـ قائىدە* «أَيُّ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج:«أَيُّ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئۆزگىرىشچان سۇئال ئالمىشى. مەنىسى ـ ﴿ قايسى ﴾. جۈملىدىكى

ئورنى ـ ئۇ ئىسىملار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ ئىنىقلانغۇچى بولىدۇ. بۇ بىرىكمە جۈملىنىڭ ھەرخىل بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: اَيُّ يَوْمٍ هذَا ؟  اَيُّ كِتَابٍ تَقْرَأُ ؟ اَيُّهُمَا اَحْسَنُ ؟  فِى اَيِّ مَدْرَسَةٍ اَنْتَ ؟

*6 ـ قائىدە* ئەرەپ تىلىغا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن خاس ئىسىملار ۋە جاي ناملىرى تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ئىسىملارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ،بۇ ئىسىملار ئىگىلىك كېلىش ئورنىدا زىر ئوقۇلماي زەبەر ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: اِدْوَرْدُ، لَنْدَنُ، اِبْرَاهِيْمُ، وِلْيَمُ، اِنْكَلْتَرَّا.

## 15 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* «اَنْتُنَّ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «اَنْتُنَّ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئاياللىق، كۆپلۈك، 2 ـ شەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.  مەنىسى ـ ‹ سىلەر ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مَنْ اَنْتُنَّ يَا اَخَوَاتِيْ ؟

*2 ـ قائىدە* «كُنَّ»نىڭ ئاتىلىشى ،مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «كُنَّ»نىڭ ئاتىلىشى ـ ئاياللىق ، كۆپلۈك ، 2 ـ شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى ـ «سىلەرنىڭ ، سىلەرنى». جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملارغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىللارغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كىلىدۇ.

مەسىلەن: اُمُّكُنَّ اُسْتَاذَتِيْ . اُحِبُّكُنَّ .

*3 ـ قائىدە* «اَهْلاً وَ سَهْلاً وَ مَرْحَبًا». بۇلار كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئادەت سۆزلىرى بولۇپ، ھەممىسى تاشلانغان پېئىلنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولۇپ كىلىدۇ. مەنىسى ـ ‹خوش كەپسىز، قارشى ئالىمىز›. (لۇغەت مەنىسى ـ كەلدىڭ سەن بىر ئەھلىگە، دەسسىدىڭ سەن تۈزلەڭلىككە، كەلدىڭ سەن كەڭرىلىككە).

مەسىلەن: اَهْلاً وَ سَهْلاً وَ مَرْحَبًا يَااُسْتَاذُ .

ئەسلىسى: جِئْتَ اَهْلاً وَطِئْتَ سَهْلاً وَ اَتَيْتَ مَرْحَبًا يَااُسْتَاذُ .

*4 ـ قائىدە* «اَلآنَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: « اَلآنَ »نىڭ ئاتىلىشى ـ ئۆزگەرمەيدىغان ۋاقىت رەۋىشى. مەنىسى ـ ‹ھازىر، ھازىرلا ، ئەمدى ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمنىڭ ياكى تاشلانغان پېئىلنىڭ ۋاقىت تولدۇرغۇچىسى بولۇپ كېلىدۇ. پېئىللىق جۈملىدە دائىم ۋاقىت تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: هِيَ الآنَ فِى الْمُسْتَشْفَى . مُحَمَّدٌ مُدَرِّسٌ الآنَ فَى الْمَدِيْنَةِ الْمُنَوَّرَةِ . خَرَجْتُ الآنَ مِنَ الْفَصْلِ .

*5 ـ قائىدە* «مَتَى»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «مَتَى»نىڭ ئاتىلىشى ـ ۋاقىت رەۋىشلىك سۇئال ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەنىسى ـ ‹قاچان، قايسى ۋاقىتتا ›. جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە خەۋەر، پېئىللىق جۈملىدە ۋاقىت تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مَتَى اِخْتِبَارُكُنَّ ؟ مَتَى ذَهَبْتَ ؟

*6 ـ قائىدە* «قَبْلَ» ۋە «بَعْدَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «قَبْلَ» ۋە «بَعْدَ» نىڭ ئاتىلىشى ـ ئۆزگىرىدىغان

ۋاقىت رەۋىشى.
«قَبْلَ»نىڭ مەنىسى ـ ‹ئالدىدا، ئىلگىرىدە، بۇرۇندا، ...تىن بۇرۇن، ...دىن ئىلگىرى›. «بَعدَ»نىڭ مەنىسى ـ ‹كېيىن، ئاندىن كېيىن›.
جۈملىدىكى ئورنى ـ ھەر ئىككىلىسى كۆپىنچە ئىسىملار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ، ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ 1 ـ بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ بىرىكمە ئىسىملىق جۈملىدە بەزىدە خەۋەر، بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمنىڭ ياكى تاشلانغان پېئىلنىڭ ۋاقىت تولدۇرغۇچىسى بولۇپ كېلىدۇ. پېئىللىق جۈملىدە دائىم ۋاقىت تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: اِخْتِبَارُنَا بَعْدَ شَهْرٍ . ذَهَبْتُ قَبْلَ أُسْبُوْعٍ .خَرَجْتُ بَعْدَ الدَّرْسِ .

## 16 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* ئەقىلسىز نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى ئايالچە ئىسىملارنىڭ بىرلىكىگە تەڭ.
مەسىلەن: هَذِهِ كُتُبٌ . تِلْكَ دَفَاتِرُ .

## 17 ـ دەرس

ئىلگىركى دەرسلەردە قانچە خىل بىرىكمە، قانچە خىل جۈملە ئۆگەنگەنلىكىڭىزنى ئەسلەپ ئۆتۈڭ. ھەمدە ھەر بىرىگە بىردىن مىسال كەلتۈرۈڭ.

## 18 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* «كَمْ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «كَمْ»نىڭ ئاتىلىشى ـ سانلىق سۇئال ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.

مەنىسى ـ ﴿قانچە، نەچچە﴾.   جۈملىدىكى ئورنى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە بەزىدە ئىگە ،بەزىدە خەۋەر بولۇپ كىلىدۇ. پىئىللىق جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

ئۇنىڭ پەرىقلەندۈرگۈچىسى تونۇشسىز،بىرلىك ئىسىمدىن كىلىپ زەبەر ئوقۇلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ پەرىقلەندۈرگۈچىسى تاشلىنىدۇ.

مەسىلەن: كَمْ اَخًا لَكَ يَامُحَمَّدُ ؟   كَمْ دَفْتَرًا تُحِبُّ ؟ كَمْ ثَمَنُ هذَا الْكِتَابِ ؟

*2-قائىدە*بىرلىك ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا « آنِ »

ئۈلانمىسى ئۈلانسا ئىككىلىك ئىسمغا ئايلىنىدۇ .
مەسىلەن: قَلَمٌ – قَلَمَانِ . سَاعَةٌ – سَاعَتَانِ .
*3-قائىدە*«هُمَا لِيْ». بۇ جۈملىدىكى«هُمَا» نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋەجۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج:بۇ جۈملىدىكى «هُمَا» نىڭ ئاتىلىشى — ئەر-ئايالغا ئورتاق ئىككىلىك 3ـشەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى . .
ئۇئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.
مەنىسى : ‹ئۇئىككىسى› . جۈملىدىكى ئورنى — ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: اَلْكِتَابُ وَالسَّاعَةُ هُمَا لِيْ .
*4-قائىدە* «هذَانِ، هَاتَانِ» نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج: «هذَانِ» نىڭ ئاتىلىشى ئەرلىك ،ئىككىلىك، يېقىننى كۆرستىش ئالمىشى. « هَاتَانِ» نىڭ ئاتىلىشى- ئاياللىق ئىككىلىك يېقىننى كۆرستىش ئالمىشى. ھەرئىككىلىسى ئۆزگىرىشچان ئىسىملاردىن بولغاچقا ئىككىلىك ئىسىملارغائوخشاش تۈرلىنىدۇ.
بۇئىككىسىنىڭ مەنىسى - ‹بۇئىككىسى ،مۇشۇئىككىسى › .
جۈملىدىكى ئورنى — ھەرئىككىلىسى ئىسىملىق

جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: هذَانِ كِتَابَانِ . هَاتَانِ مِسْطَرَتَانِ .

## 19 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* ئۈچتىن ئونغىچە بولغان سانلار سانالغۇچىسى بىلەن ئىزاپەت بىرىكىدۇ ۋە ئۇ سانلار سانالغۇچىسغا جىنسى جەھەتتە قارمۇ-قارشى كېلىدۇ . ئۇ سانلارنىڭ سانالغۇچىسى كۆپلۈك ئىسىمدىن كېلىپ ئىنىقلىغۇچى بولۇپ قوش زىر ئوقۇلىدۇ .
مەسىلەن: ثَلاَثَةُ طُلاَّبٍ . ثَلاَثُ طَالِبَاتٍ .
عَشَرَةُ طُلاَّبٍ . عَشَرُ طَالِبَاتٍ .

## 20 ـ دەرس

ئۈچتىن ئونغىچە بولغان سانلارنى سانالغۇچىسى بىلەن توغرا تەلەپپۇزدا يادقا ئوقۇڭ .

## 21 ـ دەرس

*1-قائىدە* « ذَاكَ » نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج: «ذَاكَ» نىڭ ئاتىلىشى –ئەرلىك، بىرلىك، ئوتتۇراھالنى كۆرسىتىش ئالمىشى .

**ئۆئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.**

**مەنىسى : ‹ئۇۋۇ،ئىشۇ › .**

**جۈملىدىكى ئورنى —ئۆئىسىملىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: ذَاكَ طَالِبٌ مُجْتَهِدٌ. ذَاكَ الرَّجُلُ تَاجِرٌ .

***2-قائىدە*«لَكِنْ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟**

ج: **«لَكِنْ»نىڭ ئاتىلىشى — باغلاش قوشۇمچىسى .**

**مەنىسى- ‹لېكىن،بىراق›. جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى — مەناجەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرسىدا كېلىپ ئىككىنچى جۈملىنى بىرىنچى جۈملىگە باغلايدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا زىيادە « و » قوشۇلۇپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: اَلْوَانُهُمْ مُخْتَلِفَةٌ وَلَكِنْ دِيْنُهُمْ وَاحِدٌ .

## 22 - دەرس

***1-قائىدە* قايسى تۈردىكى ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدۇ؟**

ج:**تۆۋەندىكى ئالتە تۈرلۈك ئىسىم تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ئىسىملاردۇر.**

(**1**) ئايالچە خاس ئىسملار ۋەئاخىرىدا كىچىك « ة » بولغان جاي ناملىرى .

مەسىلەن: زَيْنَبُ ، مَكَّةُ .

(**2**) ئاخىرىدا كىچىك « ة » بولغان ئەرەنچەخاس ئىسملار.

مەسىلەن: هَمْزَةُ ، مُعَاوِيَةُ ، أُسَامَةُ .

(**3**) « آنُ » ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كەلگەن خاس ئىسملار ۋە يىرىم سۈپەتداش ئىسملار .

مەسىلەن: عُثْمَانُ . نُعْمَانُ . كَسْلاَنُ . عَطْشَانُ .

(**4**) «اَفْعَلُ» ئۆلچىمىدىكى خاس ئىسملار ۋە يىرىم سۈپەتداش ئىسملار.

مەسىلەن: اَحْمَدُ ، اَحْمَرُ .

(**5**) ئەرەپ تىلىغا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن خاس ئىسملار ۋە جاي ناملىرى.

مەسىلەن: إِبْرَاهِيْمُ ، وِلْيَمُ ، لَنْدَنُ ، تَاجِكِسْتَانُ .

(**6**)«اَفْعِلاَءُ، فُعَلاَءُ، فَعَالِلُ، مَفَاعِلُ، فَعَالِيْلُ، مَفَاعِيْلُ»ئۆلچىمىدىكى ئىسملار.

مەسىلەن: اَصْدِقَاءُ، فُقَرَاءُ، دَقَائِقُ، مَسَاجِدُ، فَنَاجِيْنُ، مَنَادِيْلُ.

يۇقارقى ئۆلچەملەردىكى ئىسملار ئىگىلىك كېلىش ئورنىدا زىر ئوقۇلماي زەبەرئوقۇلىدۇ .

مەسىلەن : لِيْ خَمْسَةُ أَصْدِقَاءَ .

## 23 ـ دەرس

***1 ـ قائىدە* تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ئىسىملار زىر ئوقۇلمايدۇ لىكىن بۇخىلدىكى ئىسىملار ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ 1-بۆلىكى بولسا ياكى ئەۋۋىلىگە« ال »قوشۇلسا ئاملىنىڭ تەقەززاسى بويىچە زىر ئوقۇلىدۇ .**

مەسىلەن: هَذِهِ الْمَجَلَّةُ ذَاتُ الْغِلاَفِ الاَصْفَرِ .

ذَهَبْتُ اِلَى مَسَاجِدِكُمْ .

# 2 -قىسىم

## 1 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* «اِنَّ» ۋە «**لَعَلَّ**»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسى نىمە؟

ج: «**اِنَّ** » ۋە «**لَعَلَّ**»نىڭ ئاتىلىشى ـ پېئىلغا ئوخشىغۇچى قوشۇمچە. «**اِنَّ**»نىڭ مەنىسى ـ ( ھەقىقەتەن، جەزمەن، چوقۇم، ئەلۋەتتە، شەكسىز ) . «**لَعَلَّ**»نىڭ مەنىسى ـ ( ئېھتىمال، مومكىن، ...سا ئىدى، ...مىغىيدى، ...شى ئۇچۇن، ...مىكىن دەپ ) . جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ـ ھەر ئىككىلىسى ئىسىملىق جۈملىنىڭ ئەۋۋىلىگە كىرىپ، شۇ جۈملىنىڭ ئىگىسىنى ئىسىمىم دەپ زەبەر، خەۋىرىنى خەۋىرىم دەپ پىيىچ ئوقۇتىدۇ.

مەسىلەن: **اِنَّ سَاعَتَكَ جَمِيْلَةٌ. لَعَلَّ الاِخْتِبَارَ سَهْلٌ.**

*2 ـ قائىدە* «**كَثِيْرًا**»نى چۈشىنىپ ئۆتىمىز.

«**كَثِيْرًا**» ـ ئورۇن باسار ۋاقىت تولدۇرغۇچى .

مەسىلەن: **اَنَا اُحِبُّكَ كَثِيْرًا يَاهَاشِمُ** .

*3 ـ قائىدە* «**وُوْ**»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟

ج: «وُوْ»نىڭ ئاتىلىشى-بەش ئىسمىنىڭ بىرى. مەنىسى- ‹ غا ، قا ،ئىگە، لىق، لىك › . جۈملىدىكى ئورنى-ئۇ داۋاملىق ئىسملار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ،ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ 1-بۆلىكى بولىدۇ. بۇ بىرىكمە كۆپىنچە ئىلگىرىكى سۆزنىڭ سۈپىتى بولۇپ كىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەرلىك، كۆپلۈكى « ذَوُوْ» ، ئاياللىق، بىرلىكى «ذَاتٌ» ، ئاياللىق كۆپلۈكى «ذَوَاتٌ» **بولىدۇ.**

(«وُوْ»نىڭ كىلىش شەكىللىرى كىيىنكى دەرىسلەردە سۆزلىنىدۇ، ئاللاھ خالىسا)

مەسىلەن: **اِنَّكَ طَالِبٌ ذُوْخُلُقٍ .**

*4-قائىدە* «أَمْ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟

ج:«أَمْ»نىڭ ئاتىلىشى-باغلاش قوشۇمچىسى. مەنىسى- ‹ ياكى، بەلكى › . ئالاھىدىلىكى-ئۇ سۇئال قوشۇمچىسى بولغان «أَ»دىن كىيىن كىلىپ، كىينكى سۆزنى ئىلگىرىكى سۆزگە باغلايدۇ.

مەسىلەن: **وَّمِنَ الْيَابَانِ اَنْتَ أَمْ مِنَ الصِّيْنِ ؟**

*5-قائىدە*پېئىلغا ئوخشىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئىسمىسى كىشىلىك ئالماشتىن كىلىدىغان ئورۇندا ئۇلانما كىشىلىك ئالماشتىن كىلىدۇ.

مەسىلەن: **اِنَّكَ ، اِنَّنِيْ ، لَعَلَّكَ ، لَعَلَّنِيْ .**

*6-قائىدە* سوئال ئالمىشى بولغان «كَمْ»نىڭ ۋە باشقا سانلارنىڭ ئەۋۋىلىگە زىر قىلىش قوشۇمچىسى بولغان «ب» قوشۇلسا باھانى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: اِنَّها بِمِأَةِ رُبِيَّةٍ . بِكَمْ هَذِهِ الْحَقِيْبَةُ ؟

*7-قائىدە* «فَقَطْ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟

ج: «فَقَطْ»تىكى «ف»نىڭ ئاتىلىشى-بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا گۈزەللەشتۈرۈش قوشۇمچىسى، بەزى ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىدا باغلاش قوشۇمچىسى. «قَطْ»نىڭ ئاتىلىشى- «يَكْفِي»مەنىسىدىكى پېئىل نامى. مەنىسى- ‹ پەقەت، ...لا ›› . ئالاھىدىلىكى- مىقدارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى ئاشۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: اِنَّها بِمِأَةِ رُبِيَّةٍ فَقَطْ .

## 2-دەرس

*1-قائىدە*«لَيْسَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسى نىمە؟

ج: «لَيْسَ»نىڭ ئاتىلىشى-تولۇقسىز پېئىل. مەنىسى- ‹ يوق، ئەمەس › . ۋەزىپىسى- ئۇ

ئىسملىق جۈملىگە كىرىپ، ئىگىنى ئىسمىم دەپ پىچ، خەۋىرىنى خەۋىرىم دەپ زەبەر ئوقۇتىدۇ.
ئۇ پەقەت ئۆتكەن زامانغىلا تۈرلىنىدۇ. ئۇنىڭ خەۋىرىگە كۆپىنچە «ب» قوشۇلىدۇ.
مەسىلەن: لَيْسَ مُحَمَّدٌ طَالِبًا. حَامِدٌ لَيْسَ بِطَالِبٍ .
{اَلَيْسَ اللهُ بِاَحْكَمِ الْحَاكِمِيْنَ} .

## 3 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* «أَلَيْسَ كَذَالِكَ». بۇ جۈملىدىكى «كَـ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە ۋەزىپىسى نىمە؟
ج: بۇ «كَـ»نىڭ ئاتىلىشى ـ زىر قىلىش قوشۇمچىسى.
مەنىسى ـ ‹...دەك، ...تەك، ...كە، ...گەئوخشاش› .
ۋەزىپىسى ـ ئىسملارنىڭ ئەۋۋىلىگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرىنى زىر ئوقۇتۇپ، تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسى هاسىل قىلىدۇ ۋە بۇ بىرىكمە ئىسملىق جۈملىدە بەزىدە خەۋەر، بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسمغا، ياكى تاشلانغان پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: اَنْتَ كَاَخٍ . مُحَمَّدٌ جَمِيْلٌ كَحَامِدٍ . اَنَا رَجُلٌ كَعُمَرَ .
پېئىللىق جۈملىدە كۆپىنچە پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ

كىلىدۇ. مەسىلەن:كَذَالِكَ حَفِظْتُ سُوْرَةَ النَّبَأِ.
{وَكَذَالِكَ نَجْزِى الْمُحْسِنِيْنَ} .
*2ـقائىدە*«لَكِنَّ» ۋە «كَأَنَّ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسى نىمە؟
ج:«لَكِنَّ» ۋە «كَأَنَّ»نىڭ ئاتىلىشى ـ پېئىلغائوخشىغۇچى قوشۇمچە.
«لَكِنَّ»نىڭ مەنىسى ـ ﴿ لىكىن، بىراق ﴾ .
«كَأَنَّ»نىڭ مەنىسى ـ ﴿ خۇددى، گويا، بەئەينى، ...غا ئوخشاش، ...دەك قىلىدۇ ﴾ .
ۋەزىپىسى ـ ئۇ ئىككىسى ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ، ئىگىنى ئىسىم دەپ زەبەر، خەۋەرنى خەۋىرىم دەپ پىچ ئوقۇتىدۇ. ھەم «لَكِنَّ» مەنە جەھەتتە ئوخشىمايدىغان ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىلىدۇ.
مەسىلەن: كَأَنَّ الْعِلْمَ نُوْرٌ . مُحَمَّدٌ طَوِيْلٌ وَلَكِنَّ حَامِدًا أَطْوَلُ مِنْهُ .
*3ـقائىدە*«مَا شَاءَ اللهُ». بۇ نىسپى ئالماشلىق بىرىكمە بولۇپ، تاشلانغان پېئىلنىڭ پېئىل ئىگىسى. بۇ جۈملە كۆپىنچە ئەجەپلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
مەسىلەن: اِنَّ خَطَّكَ جَمِيْلٌ جِدًّا مَا شَاءَ اللهُ!
بۇ جۈملىدىكى «مَا»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج: بۇ جۈملىدىكى «مَا»نىڭ ئاتىلىشى ـ نىسپى

ئالماش.

مەنىسى- ‹...غان نەرسە، ...ۋاتقان نەرسە، ...دىكى نەرسە، ...غان ئىش ›. جۈملىدىكى ئورنى- «اَلَّذِىْ»گە ئوخشاش.

مەسىلەن: تولدۇرغۇچىنىڭ مىسالى: **اَجْعَلُ مَا شَاءَ اللّٰهُ .**

زىر ئوقۇلغانىنىڭ مىسالى: **كَمَا تَشَاءُ .**

*4-قائىدە*«**اَفْعَلُ**» ئۆلچىمىدىكى سۈپەتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئاشۇرما سۈپەتداشلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار مۇنۇ ئۈچ يول ئارقىلىقلا ئىشلىتىلىدۇ. 1) ئۇنىڭدىن كېيىن «**مِنْ**» كېلىدۇ. 2) ئۇلار ئىسىملار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ، ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ 1-بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. 3) ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلىگە «**الـ**» كىرىدۇ.

مەسىلەن: 1) **اَطْوَلُ مِنْهُ .** 2) **أَطْوَلُ طَالِب .**

3) **اَلطَّالِبُ الأَطْوَلُ مُجْتَهِدٌ .**

بۇ ئاشۇرما سۈپەتداش ئىسىملار خەۋەر، ياكى سۈپەت بولغان چاغدا ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئىسىمغا سان، ۋە جىنسى جەھەتتە قارىمۇ-قارشى كېلىشى، ياكى ئۇيغۇن كېلىشى دۇرۇس.

مەسىلەن: **زَيْنَبُ اَصْغَرُ مِنْهَا . زَيْنَبُ اَفْضَلُ النَّاسِ . زَيْنَبُ صُغْرَى مِنْهَا . زَيْنَبُ فُضْلَى**

النَّاسِ .

*5 ـ قائىدە* 11 دىن 19 غىچە بولغان سانلىق بىرىكمىنى چۈشىنىمىز.

11 ۋە 12 دىگەن ساننىڭ ھەرئىككىلىسى سانالغۇچىغا جىنسى جەھەتتە ماس كىلىپ زەبەرنىڭ ئۈستىگە قاتىدۇ، لىكىن 12 دىگەن ساننىڭ بىرلەر خانىسى ئۆزگىرىشچان بولغاچقا، ئىككىلىك ئىسىملارغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ. ۋە ئۇنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ئىسىمدىن كىلىپ پەرىقلەندۈرگۈچى بولىدۇ. 13دىن 19 غىچە بولغان ساننىڭ بىرلەر خانىسى سانالغۇچىغا جىنسى جەھەتتە قارشى، ئونلەر خانىسى سانالغۇچىسىغا جىنسى جەھەتتە ماس كىلىپ، ھەرئىككىلى خانىسى زەبەرنىڭ ئۈستىگە قاتىدۇ. ۋە سانالغۇچىسى بىرلىك ئىسىمدىن كىلىپ، ساننىڭ پەرىقلەندۈرگۈچىسى بولۇپ كىلىدۇ.

مەسىلەن: اِثْنَاعَشَرَطَالِبًا . اِحْدَى عَشَرَةَ طَالِبَةً . ثَلاَثَةَ عَشَرَطَالِبًا . سَبْعَ عَشَرَةَ طَالِبَةً . تِسْعَةَ عَشَرَطَالِبًا .

*6 ـ قائىدە* دەرىجە سانلار ئەرلىك، بىرلىكتە «الأَوَّلُ» ، ئاياللىق بىرلىكتە «الأُوْلَى»كىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئونغىچە بولغان سانلار «فَاعِلٌ» ئۆلچىمىدە كەلسە دەرىجە ساننى ئىپادىلەيدۇ. ھەم ئۇ

سانلار ئىسىملار بىلەن سۈپەتلىك بىرىكىپ سۈپەتلىگۈچى بولىدۇ.
مەسىلەن: اَلطَّالِبُ الاَوَّلُ . اَلدَّرْسُ الثَّانِى . الصَّفْحَةُ الْعَاشِرَةُ . اَلدَّرْسُ السَّادِسُ .

# 4 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* «أَمَاذَهَبْتَ إِلَى الْمَدْرَسَةِ». بۇ جۈملىدىكى «مَا»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟
ج: بۇ جۈملىدىكى «مَا»نىڭ ئاتىلىشى ـ بولۇشسىز قىلىش قوشۇمچىسى.
مەنىسى ـ ( ...مىدى، ...مىدىڭ، ...مىدىم، مىدۇق، ...مايۋاتىدۇ، ....مايۋاتىسەن، ...مايۋاتىمەن، ...مايۋاتىمىز ). ئالاھىدىلىكى ـ ئۇ پېئىللىق جۈملىنىڭ ئەۋۋىلىگە كىرىپ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى بولۇشسىز قىلىدۇ.
مەسىلەن: أَمَاذَهَبْتَ اِلَى الْمُسْتَشْفَى. مَاتَذْهَبُ إِلَى الْمَدْرَسَةِ بَعْدُ.
*2 ـ قائىدە* «بَلَى» نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟
ج:«بَلَى»نىڭ ئاتىلىشى ـ بولۇشلۇق جاۋاپ

قوشۇمچىسى. مەنىسى- ‹ توغرا، شۇنداق، ھەئە، بەللى، ياقەي، ئۇنداق ئەمەس › . ئالاھىدىلىكى- بولۇشسىز سوئالغا بولۇشلۇق جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: **أَمَاذَهَبْتَ اِلَى الْمَدْرَسَةِ الْيَوْمَ ؟ بَلَى، ذَهَبْتُ .**

*3-قائىدە* «**لاَبَأْسَ**». بۇ جۈملىدىكى «**لاَ**»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە ۋەزىپىسى نىمە؟

ج: بۇ جۈملىدىكى «**لاَ**»نىڭ ئاتىلىشى- ئومومى ئۇقۇمنى يوققا چىقىرىش قوشۇمچىسى. مەنىسى- ‹ يوق › .

ۋەزىپىسى- ئۇ ئىسىمنى تاق زەبەر، خەۋىرىنى پىچ ئوقۇتىدۇ. ئۇنىڭ خەۋىرى كۆپىنچە تاشلىنىدۇ.
مەسىلەن: **{لاَ رَيْبَ فِيْهِ}. {لاَ اِكْرَاهَ فِى الدِّيْنِ}. {لاَضَيْرَ}.**

*4-قائىدە* «**لأَنَّ**». بۇ بولسا زىر قىلىش قوشۇمچىسى بولغان «لـ»بىلەن « **اَنَّ**»نىڭ **قوشۇلىشىدىن** تۈزۈل**گەن** بولۇپ «لـ»نىڭ سەۋەبى بىلەن « **اَنَّ**»نىڭ ئەملى بىكار **قىلىنمايدۇ**. ئەمما ئۇ«اَنَّ» ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىملىق جۈملىنى ياسالما مەسدەرگە **ئايلاندۇرۇپ،ئورۇن جەھەتتە** زىر **ئوقۇلىدۇ.**

ۋە ئۇ«لـ» ‹ چۈنكى، ...غاچقا، ئۈچۈن › دىگەن

مەنىلەردە كېلىدۇ.
مەسىلەن: لأَنَّنِىْ مَرِيْضٌ. مَاذَهَبْتُ اِلَى الْمَدْرَسَةِ لأَنَّنِىْ مَرِيْضٌ.

## 5 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* پېئىل ئىگىسى بولغان ئىسىم باش كېلىشتە كېلىپ پىچ ئۇقۇلىدۇ. تولدۇرغۇچى بولغان ئىسىم چۈشۈم كېلىشتە كېلىپ زەبەر ئۇقۇلىدۇ.
مەسىلەن: قَرَأَ الطَّالِبُ الْقُرْآنَ .
*2 ـ قائىدە* پېئىل كۆپلۈك ئىسىملاردىن بۇرۇن كەلسە بىرلىك، كېيىن كەلسە كۆپلۈك كېلىدۇ.
مەسىلەن: خَرَجَ الطُّلاَبُ . اَلطُّلاَبُ خَرَجُوْا .
پېئىللىق جۈملە پېئىللىق جۈملىگە باغلانغاندا، باغلانغۇچى جۈملىنىڭ پېئىل ئىگىسى ئالماشتىن كېلىدۇ.
مەسىلەن: خَرَجَ الطُّلاَبُ وَذَهَبُوْا .

## 6 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* «لاَ اَدْرِىْ». بۇ جۈملىدىكى «لاَ»نىڭ

ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟
ج:بۇ جۈملىدىكى «لاَ»نىڭ ئاتىلىشى-بولۇشسىز قىلىش قوشۇمچىسى.
مەنىسى- (...مايدۇ، ...مايسەن، .... مايمىز ) .
جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى- ئۇ پېئىللارنىڭ ئەۋۋىلىگە كىرىپ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى بولۇشسىز قىلىدۇ.
مەسىلەن: لاَ اَكْتُبُ الدَّرْسَ بِالْقَلَمِ الأَحْمَرِ .
*2-قائىدە*«لِمَ» بولسا، «لِمَا»نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ كۆپىنچە ئۆزىدىن كىيىنكى جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كىيىنكى پېئىل تاشلانغاندا ئۇنىڭ ئاخىرىغا سۆز توختىتىش «ـه»سى قوشۇلۇپ«لِمَهْ»بولىدۇ.
مەسىلەن: لِمَ خَرَجْتَ مِنَ الْفَصْلِ ؟
اَضَرَبْتَ هذَا الْوَلَدَ ؟ نَعَمْ، لِمَهْ ؟
*3-قائىدە* ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا ساكىنلىق«تْ» ئۇلانسا 3- شەخس، ئاياللىق، بىرلىك پېئىلىنى، زەبەرلىك «تَ» ئۇلانسا 2-شەخس، ئەرلىك، بىرلىك پېئىلىنى، زىرلىق «تِ» ئۇلانسا 2-شەخس، ئاياللىق،بىرلىك پېئىلىنى، پىچلىق «تُ» ئۇلانسا ئەر-ئايالغا ئورتاق، بىرلىك، 1-شەخس پېئىلىنى بىلدۈرىدۇ.
مەسىلەن: ذَهَبَتْ ، ذَهَبْتَ ، ذَهَبْتِ ، ذَهَبْتُ .

خَرَجَتْ ، خَرَجْتَ ، خَرَجْتِ ، خَرَجْتُ .

## 7 ـ دەرس

*1 ـ قائىدە* «كَانَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسى نىمە؟

ج: «كَانَ»نىڭ ئاتىلىشى ـ تولۇقسىز پېئىل. مەنىسى ـ ‹ بولدى، ئىدى › . جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ـ ئۇ ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ، ئىگىنى ئىسمىم دەپ پىچ، خەۋىرىنى خەۋىرىم دەپ زەبەر ئوقۇتىدۇ.

مەسىلەن: كَانَ الْمُدَرِّسُ وَاقِفًا .

*2 ـ قائىدە* ئالماشلارنىڭ ئاخىرىدىكى ساكىنلىق «م»نى، «الـ» كىرگەن ئىسىمغا ئۇلىغاندا ئۇنىڭغا پىچ ھەرىكەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلايمىز.

مەسىلەن: أَلَكُمُ الْبِنْتُ ؟ {اتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ} .

{أُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُوْنَ} .

*3 ـ قائىدە* سۇئال ئالمىشى بولغان «مَنْ»نى ، «الـ» كىرگەن ئىسىمغا ئۇلىماقچى بولغاندا ، «مَنْ»دىكى ساكىنلىق«نْ»غا زىر ھەرىكەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلايمىز. زىر قىلىش قوشۇمچىسى بولغان «مِنْ»نى

«الـ» كىرگەن ئىسىمغا ئۇلىماقچى بولغاندا، «مِنْ»دىكى ساكىنلىق «نْ»غا زەبەر ھەركەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلايمىز.

مەسىلەن: **مَنِ الْوَلَدُ ؟ مِنَ الْمُسْتَشْفَى .**

*4-قائىدە* پېئىللارغا ئالماش ئۇلانغاندا ئۇلانما كىشىلىك ئالماش ئۇلىنىدۇ. ئەرلىك، كۆپلۈك، 2-شەخس ئۆتكەن زامان پېئىلغا ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارنى ئۇلىغاندا بۇ پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «و» ئۇلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: **ضَرَبَهُ ، كَتَبَهُمْ ، ضَرَبْتُمُوْهُ ، ضَرَبْتُمُوْهُمْ .**

*5-قائىدە* «**فُعْلٌ، فُعُلٌ، فُعُّلٌ**» ئۆلچىمىدىكى سانلار كەسىرسان (پارچە سان)نى ئىپادىلەيدۇ.

**مەسىلەن: رُبْعٌ ، ثُلُثٌ ، سُدُّسٌ .**

## 8 - دەرس

**بۇ دەرىستە1-قىسىمدىن باشلاپ مۇشۇ دەرىسكە كەلگىچە سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ئۆتكەن زامان پېئىلىنى تولۇق تۈرلەڭ .**

# 9 ـ دەرس

*1-قائىدە*«مَااَسْهَلَ هذَا الدَّرْسَ!». بۇ جۈملىدىكى «مَااَسْهَلَ» ئەجەپلىنىش پېئىلى بولۇپ،«هذَا الدَّرْسَ»ئۇنىڭ تولدۇرغۇچىسىدۇر. ھەرقانداق ئەجەپلىنىش پېئىلى يۇقارقىدەك «مَااَفْعَلَ» ئۆلچىمىدە ياسىلىپ، بىر نەرسىدىن ھاياجانلانغانلىقنى، قايغۇرغانلىقنى، ۋە ئەجەپلەنگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن سۆز ئۇنىڭ تولدۇرغۈچىسى بولۇپ دائىم زەبەر ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: مَااَصْعَبَ هذَا الدَّرْسَ!

*2-قائىدە* ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ ئەۋۋىلىگە چاقىرىق قوشۇمچىسى بولغان «يَا» كىرسە، بۇ بىرىكمىنىڭ 1-بۆلىكى زەبەر ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: يَا عَبْدَاللهِ . يَا رَسُوْلَ اللهِ . يَا فَضِيْلَةَ الشَّيْخِ .

*3-قائىدە* ئاياللىق پۈتۈن كۆپلۈك ئىسىملار چۈشۈم كېلىش ئورنىدا زەبەرئوقۇلماي زىرئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: رَاَيْتُ سَيَّارَاتٍ . {خَلَقَ اللهُ السَّمَوَاتِ وَلأَرْضَ} .

*4-قائىدە*«الـ» كىرگەن ئىسىملارنىڭ ئەۋۋىلىگە

سۇئال قوشۇمچىسى بولغان « أ » كىرسە، ئىككى « أ » بىرىكتۈرۈلۈپ سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: آلْبِحَارُ جَمْعُ الْبَحْرِ؟

*5-قائىدە* كۆچۈرمە سۆزدىگەن نىمە؟

ج:سۆزلىگۈچى ياكى يازغۇچى ئۇنى باشقىلارنىڭ سۆزىدىن يۆتكەپ ئەكەلگەن سۆزلەر كۆچۈرمە سۆزدەپ ئاتىلىدۇ.ئۇسۆزلەر جۈملىدە كۆپىنچە قوش تىرناق ياكى يالاڭ تىرناق ئىچىدە كىلىپ، جۈملىنىڭ ھەرخىل بۆلىكى بولۇپ كىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەركىتى بەزىدە ئۆزگىرىپ، بەزىدە ئۆزگەرمەيدۇ.

مەسىلەن: مَا مَعْنَى(الطِّيْنِ) يَاأُسْتَاذُ؟ تَأَمَّلِ الأَمْثِلَةَ الاتِيَةَ لـ«دُوْ».

*6-قائىدە*كۆپىنچە پېئىللارغا 1-شەخس بىرلىك ئەر-ئايالغا ئورتاق ئۇلانما كىشلىك ئالمىشى بولغان«ـِيْ»نى ئۇلىغاندا، ئۇ پېئىللارنىڭ ئاخىرنىڭ ھەركىتىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئۇ پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا ھەركەت ساقلاش نۇنى «نُوْنُ الْوِقَايَةِ»نى ئۇلاپ بولغاندىن كيىن، 1-شەخس « ـِيْ »سنى ئۇلايمىز. ئەگەر پېئىلغا ئۇلانغان 1-شەخس « ـِيْ »سدىن كيىن «ال»لىق ئىسىم كەلسە، ئۇ1-شەخس« ـِيْ » داۋاملىق زەبەر ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: خَلَقَنِيَ اللهُ . جَاءَنِيْ وَلَدٌ . جَاءَنِيَ

الْوَلَدُ .

*7-قائىدە* ئاخىرىدا «ى»شەكىللىك«ا»بولغان ئىسىملارنى ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار بىلەن ئىزاپەت بىرىكتۈرگەندە، ئۇ«ا»ئاشكارە «ا»قا ئۆزگىرىدۇ.

مەسىلەن: مَعْنَى ـ مَعْنَاهُ ، مَعْنَاهُمَا.

*8-قائىدە* سوئال ئالمىشى بولغان «مَا»نىڭ ئەۋۋىلىگە زىر قىلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلسا، بۇ«مَا»نىڭ ئاخىرىدىكى«ا»تاشلىنىدۇ. ۋە «عَنْ»، «مِنْ» قوشۇلسا «ن» بىلەن«م»نىڭ چىقىش ئورنى يېقىن بولغاچقا، ئۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرىدىكى «ن» «م»غا ئۆزگىرىپ، ئاندىن ئىككى «م» بىرىكتۈرۈلۈپ كەلتۈرۈلىدۇ.

مەسىلەن: لِمَ ، بِمَ . عَنْ+مَا = عَمَّ ، مِنْ+مَا = مِمَّ.

*9-قائىدە* «اَلَّذِىْ»نىڭ كۆپلۈكى « اَلَّذِيْنَ»، «اَلَّتِىْ»نىڭ كۆپلۈكى «اَلاَّتِىْ»، ياكى «اَلاَّئِىْ» بولىدۇ.

مەسىلەن: مَنِ الْفِتْيَةُ الَّذِيْنَ خرَجُوْا الآنَ مِنَ الْفَصْلِ ؟ هُنَّ اَخَوَاتُ الاَّئِىْ يَدْرُسْنَ فِى الْمَدْرَسَةِ الثَّانَوِيَّةِ .

## 10 ـ دەرس

*1-قائىدە*«دَائِمًا» نى چۈشىنىپ ئۆتىمىز. «دَائِمًا»، بۇ ئورۇن باسار ۋاقىت تولدۇرغۇچى.
مەسىلەن: يَذْهَبُ دَائِمًا اِلَى السُّوْقِ بَعْدَ صَلاَةِالْعَصْرِ .
*2-قائىدە*«اَحْيَانًا»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج:«اَحْيَانًا»نىڭ ئاتىلىشى- ئۆزگىرىدىغان ۋاقىت رەۋىشى. مەنىسى- ‹ بەزىدە، ئادەتتە ›.
جۈملىدىكى ئورنى- ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە بەزىدە پېئىل مەنىسىدىكى ئىسىمنىڭ، بەزىدە تاشلانغان پېئىلنىڭ ۋاقىت تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. پېئىللىق جۈملىدە دائىم ۋاقىت تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: حَامِدٌ قَائِمٌ اَحْيَانًا فِيْ الَّيْلِ . يَذْهَبُ حَامِدٌ اِلَى السُّوْقِ اَحْيَانًا .
*3-قائىدە* 21دىن 29 غىچە بولغان سانلىق بىرىكمىنى چۈشىنىمىز. 21 دىن 29غىچە بولغان سانلارنىڭ ئونلەر خانىسى بىرلەر خانىسىغا «و»ئارقىلىق باغلىنىدۇ. ھەر ئىككىلى خانىسى ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. 21 ۋە 22 دىگەن ساننىڭ بىرلەر خانىسى سانالغۇچىسىغا جىنسى جەھەتتە ماس كېلىدۇ. 23 دىن 29 غىچە بولغان سانلارنىڭ بىرلەر خانىسى سانالغۇچىسىغا جىنسى جەھەتتە

قارشى كېلىدۇ. بۇ سانلارنىڭ ئونلەر خانىسى ئەر-ئاياللىقتا ئورتاق كېلىدۇ. ۋە بۇسانلارنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ئىسمىدىن كېلىپ پەرىقلەندۈرگۈچى بولىدۇ.

مەسىلەن: وَاحِدٌ وَّعِشْرُوْنَ طَالِبًا . اِثْنَتَانِ وَّعِشْرُوْنَ طَالِبَةً . ثَلاَثَةٌ وَّعِشْرُوْنَ طَالِبًا . تِسْعٌ وَّعِشْرُوْنَ طَالِبَةً .

*4-قائىدە*«إِلاَّ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسى نىمە؟

ج:«إِلاَّ»نىڭ ئاتىلىشى- چىقىرىش قوشۇمچىسى. مەنىسى- ‹...دىن باشقا، ...دىن سىرىت، ...نىڭ سىرتىدا، ...دىن ئايرىم، لېكىن › . جۈملىدىكى ۋەزىپىسى- ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى سۆزنى ئىلگىرىكى سۆزدىن چىقىرىۋىلىپ ، كۆپىنچە زەبەر ئوقۇتىدۇ.

مەسىلەن: اَلسَّاعَةُ الآنَ التَّاسِعَةُ إِلاَّ رُبْعًا .

*5-قائىدە*ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئەۋۋىلىگە كېلىدىغان زامان ھەرپى

بولغان«ي»كىرسە،ئۇ«ي»ئۆتكەن زامان پېئىلىنى كېلىدىغان پېئىلغا ئايلاندۇرىدۇ.

مەسىلەن: ذَهَبَ – يَذْهَبُ . كَتَبَ – يَكْتُبُ .

*6-قائىدە*ئۈچ ھەرىپلىك پېئىللارنىڭ مۇنۇ ئالتە بابى بار.

1) فَعَلَ – يَفْعُلُ . 2) فَعَلَ – يَفْعِلُ . 3 ) فَعَلَ – يَفْعَلُ .
4) فَعِلَ – يَفْعَلُ . 5) فَعُلَ – يَفْعُلُ . 6) فَعِلَ – يَفْعِلُ .

## 11 ـ دەرس

*1-قائىدە*«طَبْعًا»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟

ج:«طَبْعًا»نىڭ ئاتىلىشى- پېئىلى تاشلانغان مەنبەداش تولدۇرغۇچى. مەنىسى- ‹ تەبئى،ئەلۋەتتە ›. (لۇغەت مەنىسى-سۈرەتلەپ بىرىمەن بىر سۈرەتلەپ بەرمەكلىكتە).

جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى - بولۇشلۇق جاۋاپ جۈملىنىڭ بىشىدا كىلىپ جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

مەسىلەن: أَتَعْرِفُ المُهَنْدِسَ سَلْمَانَ ؟ طَبْعًا، هُوَ أُسْتَاذِيْ .

*2-قائىدە*«أَمَّا»نىڭ ئاتىلىشى،مەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكى نىمە؟

ج:«أَمَّا»نىڭ ئاتىلىشى- شەرت قوشۇمچىسى.

مەنىسى- ‹ ئەمما، ...غا، ...قا، ...گە كەلسەك ›.

ئالاھىدىلىكى- ئىسىملىق جۈملىنىڭ ئەۋۋىلىدە كىلىپ،

تەپسىلى بايانىنى ئۈقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ جاۋابىغا «فَ» قوشۇلۇپ كىلىشى كىرەك.

مەسىلەن: اَمَّا اَنَا فَاَحْفَظُ سُوْرَةَ الْمُلْكِ .

*3-قائىدە*«سَـ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟

ج:«سَـ»نىڭ ئاتىلىشى- كىلىدىغان زامانغا خاسلاشتۇرۇش قوشۇمچىسى. مەنىسى- ‹ ئۇزاققا قالماي، يىقىندا ، پات ئارىدا ›. ئالاھىدىلىكى- هازىرقى زامان پىئىلىنىڭ ئەۋۋىلىگە كىرىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى كىلىدىغان زامانغا خاسلاشتۇرۇپ، ئىش-ھەركەتنىڭ يىقىندا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

مەسىلەن: سَاَذْهَبُ اِلَى الْجَامِعَةِ .

*4-قائىدە* كىلىدىغان زامان،3 -شەخس ئاياللىق، بىرلىك پىئىلى بىلەن 2-شەخس ئەرلىك، بىرلىك پىئىلى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنى جۈملىگە قاراپ ئايرىيمىز.

مەسىلەن: اِمِنَةُ تَذْهَبُ . اَنْتَ تَذْهَبُ .

*5-قائىدە*ئۈچ ھەرپلىك پىئىللارنىڭ مەسدىرى كۆپىنچە «فُعُوْلٌ» ئۆلچىمدە كىلىدۇ.

مەسلەن: خُرُوْجٌ . دُخُوْلٌ . جُلُوْسٌ .

## 12 ـ دەرس

***1-قائىدە*«اِنَّ» بىلەن «اَنَّ»نىڭ مەنىسى ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق كېلىش ئورنى ئوخشىمايدۇ. «اِنَّ» جۈملىنىڭ ئەۋۋىلىدە ۋە «قَالَ» دىگەن پېئىلدىن كېيىن كېلىپ، جۈملىنىڭ ئاساسى بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدۇ. «اَنَّ»جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ۋە «قَالَ» پېئىلدىن باشقا پېئىللاردىن كېيىن كېلىپ جۈملىنىڭ ھەرخىل بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ.**

مەسىلەن: اِنَّ الْقُرْآنَ كِتَابُ اللهِ . قُلْتُ اِنِّى مَرِيْضٌ .

سَمِعْتُ اَنَّ الْمُدِيْرَ مَرِيْضٌ .

## 13 ـ دەرس

**1-قىسمدىن تارتىپ مۇشۇ دەرسكىچە كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنى تورلەڭ.**

## 14 ـ دەرس

***1-قائىدە*ئۈچ ھەرپلىك پېئىللارنىڭ بۇيرۇق شەكلى- كېلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ «ع»ي زىرلىق بولسا «اِفْعِلْ» ئۆلچىمىدە، «ع»ي زەبەرلىك بولسا «اِفْعَلْ»ئۆلچىمىدە، «ع»ي پىچلىق بولسا «اُفْعُلْ»ئۆلچىمىدە كېلىدۇ.**

مەسىلەن: ضَرَبَ - يَضْرِبُ – اِضْرِبْ . ذَهَبَ -

يَذْهَبُ – اِذْهَبْ . كَتَبَ - يَكْتُبُ – اُكْتُبْ .

*2-قائىدە*ئۈچ ھەرپلىك پېئىللاردىكى بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئەۋۋىلىدىكى بۇيرۇق پېئىلنىڭ ھەمزىسى ئۈلانما ھەمزە بولۇپ، جۈملىنىڭ ئەۋۋىلىدە كەلسە ھەركەتلىك، ئوتتۇرىدا كەلسە ھەركەتسىز ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: اِقْرَأْ وَاكْتُبْ . كُلْ وَاشْرَبْ .

# 15 ـ دەرس

*1-قائىدە*پېئىلغا قوشۇلىدىغان «لاَ» ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بولۇشسىز قىلىش«لاَ»سى ۋە چەكلەش«لاَ»سىدىن ئىبارەت. بولۇشسىز قىلىش «لاَ»سى ئۆتكەن زامان پېئىلغا ۋە كېلىدىغان زامان پېئىلغا كىرىپ، ئۇ پېئىلنىڭ مەنىسىنى بولۇشسىز قىلىپ، ھەركەت جەھەتتە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

مەسىلەن: لاَ آكُلُ . لاَ اَدْرِىْ . لاَاَكَلْتُ . لاَشَرِبْتُ .

چەكلەش «لاَ»سى پەقەت كېلىدىغان زامان پېئىلغىلا كىرىپ، ئۇنىڭ ئاخىرىنى ساكىن ئوقۇتۇپ چەكلەشنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: لاَتَاْكُلْ وَلاَتَشْرَبْ .

*2- قائىدە* ئايرىش ئالمىشى قانداق ئالماش؟
ج:ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئارىسىدا كەلگەن كىشىلىك ئالماش ئايرىش ئالمىشى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئالماشلار خەۋەرنىڭ خەۋەر ئىكەنلىكىنى ئايرىش قىيىن بولغان ۋاقىتتا خەۋەرنى ئايرىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلىدۇ.
مەسىلەن: اَلْمُدَرِّسُ هُوَالَّذِىْ يَكْتُبُ بِالْقَلَمِ الأَحْمَرِ .
*3-قائىدە*بولۇشسىز قىلىش «مَا»سى كېلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ ئەۋۋىلىگە كىرسە، ئۇنىڭ مەنىسىنى بولۇشسىز قىلىدۇ. ۋە هازىرقى زامانغا خاسلاشتۇرىدۇ.
مەسىلەن: مَااَقْرَأُ هَذِهِ الْمَجَلَّةَ الآنَ .
*4-قائىدە* «اِنَّمَا». بۇ بولسا«اِنَّ» بىلەن «مَا»نىڭ قوشۇلمىسى. مۇشۇنىڭدەك «اِنَّ» ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىغا «مَا» كىرسە بۇ«مَا» ئۇلارنىڭ ئىسمىنى زەبەر، خەۋىرىنى پىچ ئوقۇتىدىغان ۋەزىپىسىنى بىكار قىلىدۇ. شۇڭا بۇ قوشۇمچىلارغا قوشۇلغان «مَا» ئەمەلنى بىكار قىلغۇچى «مَا»(يەنى مَا الْكَافَّةِ) دەپ ئاتىلىدۇ.
مەسىلەن: اِنَّمَا اَنْظُرُ اِلَى صُوْرَةٍ كَانَتْ فِى غِلاَفِ الْكِتَابِ . {اِنَّمَا الْمُؤْمِنُوْنَ اِخْوَةٌ} .
*5-قائىدە*ئۆلچەملەردىكى «ف»نىڭ ئۇدۇلىدا «أ» كەلگەن پېئىللارنى تۈرلەپ، كېلىدىغان زامان،

ئەر-ئايالغا ئورتاق، بىرلىك، 1-شەخس پېئىلغا كەلگەندە ئىككى ھەمزە جۈغلىشىپ قالىدۇ. بۇچاغدا بۇ ئىككى ھەمزىنى بىرىكتۈرۈپ سوزۇپ ئوقۇيمىز.

مەسىلەن: آكُلُ ئەسلىسى أَأْكُلُ .

*6-قائىدە* «كَادَ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسى نىمە؟

ج:«كَادَ»نىڭ ئاتىلىشى- تولۇقسىز پېئىل. مەنىسى- ‹ تاس قالدى، ...لاي دەپ قالدى، ...لىشىپ قالدى ›. ۋەزىپىسى- ئىسمىسىنى پىچ، خەۋىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ. ئۇنىڭ خەۋىرى كۆپىنچە كېلىدىغان زامان پېئىلىدىن كېلىدۇ. بەزىدە «أَنْ» بىلەن بولغان ياسالما مەسدەردىن كېلىدۇ. بۇ يېقىنلاشتۇرۇش مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ.

مەسىلەن: يَكَادُ الإِمَامُ يَرْكَعُ. فَتَحَ زَكَرِيَّا الْبَابَ وَ كَادَ اَنْ يَخْرُجَ.

## 16 ـ دەرس

*1-قائىدە*تاشقى قىياپەتتىكى ئەيىپنى ۋە رەڭنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملادىن «اَفْعَلُ» ئۆلچىمىدە يىرىم سۆپەتداش ئىسىم ياسىلىدۇ. بۇ ئىسىملارنىڭ ئاياللىقى «فَعْلاَءُ» ئۆلچىمىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن: اَبْيَضُ - بَيْضَاءُ . اَعْوَرُ – عَوْرَاءُ .

*2-قائىدە*«فُعَلُ» ئۆلچىمىدىكى خاس ئىسىملار، ۋە سۈپەت خاراكتېرىدىكى ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ئىسىملاردۇر.

مەسىلەن: عُمَرُ، زُحَلُ، اُخَرُ، جُمَعُ .

*3-قائىدە*«عُمَرُ» بىلەن «عَمْرٌو». بۇ ئىككىسى ھەرىپ جەھەتتە ئوخشاش بولسىمۇ، «عُمَرُ» تۈرلەنمەيدۇ. «عَمْرٌو» تۈرلىنىپ، ئۇنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىككىسىنى ئايرىش ئۈچۈن «و» كېلىدۇ، ۋە ئۇ «و» چۈشۈم كېلىش ئورنىدا «ا»قا ئۆزگىرىدۇ.

مەسىلەن: هذَا الْقَلَمُ لِعُمَرَ . وَهذَا الدَّفْتَرُ لِعَمْرٍو . سَأَلْتُ عَمْرًا عَنْ اَخِيْ .

*4-قائىدە*«ذُوْ» بەش ئىسىمنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەركەت قوشۇمچە بەلگە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەرلىك، بىرلىكى «ذُوْ»، ئەرلىك، كۆپلۈكى «ذَوُوْ» كېلىدۇ. «ذُوْ» باش كېلىش ئورنىدا پىچقا بەلگە بولغان «و» بىلەن كېلىدۇ. چۈشۈم كېلىش ئورنىدا زەبەرگە بەلگە بولغان «ا» بىلەن، ئىگىلىك كېلىش ئورنىدا زىرغا بەلگە بولغان «ي» بىلەن كېلىدۇ.

مەسىلەن: هذَا مُصْحَفٌ ذُوْ حُرُوْفٍ كَبِيْرَةٍ .

أُرِيْدُ مُصْحَفًا ذَا حُرُوْفٍ كَبِيْرَةٍ . جَلَسْتُ بِذِى عِلْمٍ .

ئەرلىك، كۆپلۈك بولغان «ذَوُوْ» ئەرلىك پۈتۈن كۆپلۈك ئىسىملارغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ. ئەمما «ذُوْ»نىڭ ئاياللىق، بىرلىكى «ذَاتٌ»، ۋە ئاياللىق كۆپلۈكى «ذَوَاتٌ»دۇر. بۇ«ذَوَاتٌ» ئاياللىق، پۈتۈن كۆپلۈك ئىسىملارغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ.

*5- قائىدە*مۇنۇ ئۈچ تۈرلۈك «مَا» كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

1) بولۇشسىز قىلىش قوشۇمچىسى بولغان «مَا». ئۇ ئىسىملىق جۈملە ۋە پېئىللىق جۈملىنىڭ ئەۋۋىلىگە كىرىپ، ئۆزى كىرگەن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى بولۇشسىزغا ئايلاندۇرىدۇ.

مەسىلەن: مَا عِنْدِىْ كِتَابٌ . مَافَهِمْتُ الدَّرْسَ . مَا اَدْرِىْ .

2) سۇئال ئالمىشى بولغان «مَا». ئۇ ئىسىملىق جۈملىدە ئۇنىڭ ئاخىرىغا «ذَا» ئۇلانسا، كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ ، ئۇلانمىسا كۆپىنچە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. پېئىللىق جۈملىدە، ئەۋۋىلىگە زىر قىلىش قوشۇمچىسى قوشۇلسا پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر قوشۇلمىسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مَا هذَا ؟ مَاذَا عَلَى الْمَكْتَبِ ؟ مَاذَا قَرَأْتَ ؟

لِمَاذَا رَجَعْتَ مِنَ الْمَدْرَسَةِ ؟

**3) نىسپى ئالماش بولغان «مَا». بۇ «مَا» پېئىللىق جۈملە، ئىسىملىق جۈملە، رەۋىشلىك بىرىكمە ياكى تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىللە كېلىپ، نىسپى ئالماشلىق سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىرىكمىمۇ «اَلَّذِىْ»بىلەن بولغان بىرىكمىگە ئوخشاش جۈملىنىڭ ھەرخىل بۆلىكى بولالايدۇ.**

مەسىلەن: {لِمَ تُقُوْلُوْنَ مَالاتَفْعَلُوْنَ} .

## 17 ـ دەرس

***1-قائىدە*«اَنْ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە ۋەزىپىسى نىمە؟**

**ج:«اَنْ»نىڭ ئاتىلىشى- كېلىدىغان زامان پېئىلىنى زەبەر ئوقۇتقۇچى قوشۇمچە.**

**مەنىسى-‹شۇكى،...**

**ۇم، ...ىم، ...ىمنى، ...ىمىزنى، ...ۇمىزنى ›.**

**ۋەزىپىسى- كېلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ ئەۋۋىلىگە كىرىپ ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى پېئىلنى ياسالما مەسدەرگە ئايلاندۇرىدۇ.**

بۇياسالما مەسدەر جۇملىنىڭ ھەرخىل بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ.
مەسىلەن:أُرِيْدُ اَنْ اَذْهَبَ اِلَى مِصْرَ.لاَيُمْكِنُنِى اَنْ اَدْرُسَ بِالْجَامِعَةِ.
*2-قائىدە*كېلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ ئەۋۋىلىگە زىر قىلىش قوشۇمچىسى بولغان«لِ» كىرسە ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان زامان پېئىلىنى زەبەر ئوقۇتىدىغان «أَنْ» قىياس قىلىنىپ ،ئۇ پېئىلنىڭ ئاخىرى زەبەر ئوقۇلىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئۇ پېئىلنى يوشۇرۇن «أَنْ»نىڭ سەۋەبى بىلەن ياسالما مەسدەر بولۇپ ئورۇن جەھەتتە زىر ئوقۇلدى دەپ قارايمىز. ھەم ئۇ«لِ» سەۋەپ- مەقسەتنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: خَرَجْتُ لأَشْرَبَ الْمَاءَ .
*3-قائىدە* «مُنْذُ»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە ۋەزىپىسى نىمە؟
ج: « مُنْذُ»نىڭ ئاتىلىشى- زىر قىلىش قوشۇمچىسى.
مەنىسى- ‹...دىن باشلاپ، ....دىن بىرى، ...دىن تارتىپ، ...دىن بۇيان ›. ۋەزىپىسى- ئۇ كۆپىنچە ئىسىملارنىڭ ئەۋۋىلىدە كېلىپ تولۇقسىز سۆزبىرىكمىسى ھاسىل قىلىپ، ئۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنى زىر ئوقۇتىدۇ ۋە بۇ بىرىكمە كۆپىنچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى سۆزگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ

كىلىدۇ.
مەسىلەن: هُوَ غَائِبٌ مُنْذُ اُسْبُوْعٍ .

## 18 ـ دەرس

*1-قائىدە* «لاَ»نىڭ ئەۋۋىلىگە «اَنْ» كىرسە «ل» بىلەن «ن» نىڭ چىقىش ئورنى يېقىن بولغاچقا، ئۇ «اَنْ»نىڭ ئاخىرىدىكى «ن» «ل»غا ئۆزگىرىپ ئۆزگەندىن كېيىن ئىككى «ل» بىرىكتۈرۈپ ئوقۇلىدۇ.
مەسىلەن: اَرْجُوْ اَلاَّ تَأْخُذْنَ هَذِهِ الأَشْيَاءَ كُلَّهَا .
*2-قائىدە*«هَيَّا» بولسا «اَسْرِعْ» مەنىسىدىكى پېئىل نامى بولۇپ، ئەر-ئاياللىق، بىرلىك ۋە كۆپلۈك ئۈچۈن ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.
مەسىلەن: هَيَّا بِنَا يَااَبْنَاءُ .

## 19 ـ دەرس

*1-قائىدە* «لَنْ»نىڭ ئاتىلىشى ، مەنىسى ۋە ۋەزىپىسى نىمە؟
ج:«لَنْ»نىڭ ئاتىلىشى- كىلىدىغان زامان پېئىلىنى زەبەر ئوقۇتىدىغان قوشۇمچە. مەنىسى- ‹ هەرگىز، زادى، قەتئىي ›.
ۋەزىپىسى- كىلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ ئەۋۋىلىگە كىرىپ، ئۇ پېئىلنى زەبەر ئوقۇتۇپ، مەنىسىنى

بولۇشسىزلىقتا كۆچلەندۈرىدۇ.
مەسىلەن: لَنْ يَلْبَسَ الْحَرِيْرَ .
*2-قائىدە* «اَبَدًا»نىڭ ئاتىلىشى،مەنىسى ۋەجۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟
ج:«اَبَدًا»نىڭ ئاتىلىشى- ۋاقىت رەۋىشى. مەنىسى- ‹ مەڭگۈ، ھەرگىز، زادى، ھەمىشە ›. ئالاھىدىلىكى- كېلىدىغان زامان پېئىلىدىن كېيىن كېلىپ، ئۆزىدىن ئىلگىركى جۈملىنىڭ مەزمۇنى بولۇشلۇق بولسا بولۇشلۇقتا، بولۇشسىز بولسا بولۇشسىزلىقتا كۆچلەندۈرىدۇ.
مەسىلەن: لَنْ اَتْرُكَ الصَّلاَةَ اَبَدًا .

## 20 ـ دەرس

*1-قائىدە* ئىككىلىك ئىسىملاردا ھەركەت قوشۇمچە بەلگە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىسىملار باش كېلىش ئورنىدا پىچقا بەلگە بولغان «ا» بىلەن، چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىش ئورنىدا زەبەر ۋە زىرغا بەلگە بولغان ئالدى زەبەرلىك «ي» بىلەن كېلىدۇ.
مەسىلەن: جَاءَ الْمَدَرِّسَانِ . رَاَيْتُ الْمُدَرِّسَيْنِ . ذَهَبْتُ اِلَى الْمُدَرِّسَيْنِ .

# 21 ـ دەرس

*1-قائىدە* «لَمْ» ۋە «لَمَّا»نىڭ ئاتىلىشى،مەنىسى ۋە ۋەزىپىسى نىمە؟

ج:«لَمْ» ۋە «لَمَّا»نىڭ ئاتىلىشى- كىلىدىغان زامان پېئىلىنى ساكىن ئوقۇتۇش قوشۇمچىسى. «لَمْ»نىڭ مەنىسى- ‹...مىدى ›، «لَمَّا»نىڭ مەنىسى- ‹ تىخى ...مىدى، تىخچە .....مىدى ›.

ۋەزىپىسى- ھەر ئىككىلىسى كىلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنى ساكىن ئوقۇتۇپ، ئۇ پېئىلىنىڭ مەنىسىنى بولۇشسىز ئۆتكەن زامانغا ئۆرۈيدۇ. ۋە «لَمَّا»نىڭ پېئىلىنى تاشلاپ «لَمَّا»نىلا كەلتۇرۇشمۇ دۇرۇس.

مەسىلەن: اَلَمْ يَحْضُرْ؟ لَمَّا . أَرَجَعَ الْمُدِيرُ مِنْ مَكَّةَ؟ لَمَّا .{وَلَمَّا يَدْخُلِ الإِيْمَانُ فِى قُلُوْبِكُمْ} .

*2-قائىدە* «نَحْوٌ» ۋە «مِثْلٌ» ئۆزىدىن كىيىنكى سۆزلەر بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ، ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ 1- بۆلىكى بولۇپ،كۆپىنچە تاشلانغان ئىگىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كىلىدۇ. ۋە ئۇنىڭدىن كىيىنكى سۆزلەر كۆچۈرمە سۆزدىن كىلىدۇ.

مەسىلەن: اَلإِسْمُ نَحْوُ(كِتَابٌ) . اَلْفِعْلُ مِثْلُ(قَتَلَ- يَقْتُلُ) .

*3-قائىدە*«فَعَلَ» ئۆلچىمىدىكى « و»لۇق كاۋاك پېئىللارنى ئۆتكەن زامانغا تۈرلىگەندە، ئەرلىك، بىرلىك، 3- شەخس پېئىلىدىن، ئاياللىق، ئىككىلىك، 3- شەخس پېئىلىغىچە ئۇ«و» «ا»قا ئۆزگىرىش بىلەن كېلىدۇ.

مەسىلەن: قَالَ ، قَالاَ ، قَالُوْا ، قَالَتْ ، قَالَتَا .

ئاياللىق، كۆپلۈك 3- شەخس پېئىلىدىن ئاخىرىغىچە، ئۇ«و»نىڭ ئالدى زەبەرلىك بولغاچقا، ئۇ«و» ئەلىپقا ئۆزگىرىدۇ ئاندىن ئىككى ساكىن جۇغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ«و»دىن ئۆزگەرگەن«ا» تاشلىنىدۇ. ئەسلىدىكى «و»غا بەلگە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ«و»نىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ زەبرى پېشقا ئۆزگىرىدۇ.

مەسىلەن: قُلْنَ ، قُلْنَا .

## 22 ـ دەرس

*1- قائىدە* كېلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ ئەرلىك ۋە ئاياللىق، بىرلىك، 3-شەخس، ئەرلىك، بىرلىك،2- شەخس ۋە ئەر- ئايالغا ئورتاق، بىرلىك ۋە كۆپلۈك 1- شەخس پېئىللىرى ئەسلى تۈرلىنىشتىكى پېئىللار بولۇپ، ئۇلاردا ھەرقانداق ھەركەت ئەسلى بەلگىلەر بىلەن كېلىدۇ.

مەسىلەن:  باش كېلىش     چۈشۈم كېلىش
كىسىم كېلىش

يَذْهَبُ     لَنْ يَذْهَبَ     لَمْ يَذْهَبْ
اَذْهَبُ     لَنْ اَذْهَبَ     لَمْ اَذْهَبْ
نَذْهَبُ     لَنْ نَذْهَبَ     لَمْ نَذْهَبْ

*2-قائىدە* كېلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ ھەرقانداق ئاياللىق، كۆپلۈك، پېئىللىرى ئۆزگەرمەيدىغان پېئىللار بولۇپ، ئۇلاردا ھەركەت ئورۇن جەھەتتە ئۆزگىرىدۇ.

مەسىلەن:  باش كېلىش     چۈشۈم كېلىش
كىسىم كېلىش

يَذْهَبْنَ     لَنْ يَذْهَبْنَ     لَمْ يَذْهَبْنَ

*3-قائىدە*كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ يۇقىرىدىكى پېئىللىرىدىن باشقا پېئىللار قوشۇمچە تۈرلىنىشتىكى پېئىللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرقانداق ئىككىلىكنىڭ ۋە ئاياللىق، بىرلىك، 2-شەخسنىڭ ۋە ھەرقانداق ئەرلىك، كۆپلۈكنىڭ نۇنلىرىنىڭ تۈرۈشى باش كېلىشنىڭ قوشۇمچە بەلگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن پىچىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئۇ «ن»نىڭ تاشلىنىپ كېتىشى چۈشۈم كېلىش ۋە كىسىم كېلىشنىڭ قوشۇمچە بەلگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، زەبەر ۋە ساكىنىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

مەسىلەن: باش كېلىش چۈشۈم كېلىش
ئىسىم كېلىش
يَذْهَبُوْنَ لَنْ يَذْهَبُوْا لَمْ يَذْهَبُوْا
يَذْهَبَانِ لَنْ يَذْهَبَا لَمْ يَذْهَبَا
تَذْهَبِيْنَ لَنْ تَذْهَبِيْ لَمْ تَذْهَبِيْ

## 23 ـ دەرس

*1-قائىدە*ئاخىرىدا« وْنَ» كەلگەن كۆپلۈك ئىسىملار ئەرەنچە پۈتۈن كۆپلۈك ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىسىملار باش كېلىش ئورنىدا پىچقا بەلگە بولغان ئالدى پىچلىق«و» بىلەن، چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىش ئورنىدا زەبەر ۋە زىرغا بەلگە بولغان ئالدى زىرلىق«ـيْ» بىلەن كېلىدۇ.
مەسىلەن: جَاءَ الْمُدَرِّسُوْنَ . رَاَيْتُ الْمُدَرِّسِيْنَ .
هَذِهِ الْكُتُبُ لِلْمُدَرِّسِيْنَ .

*2-قائىدە*پارچە سانلارنىڭ ئاخىرىغا ئالدى پىچلىق « ُوْنَ»نى ئۇلىساق، ئۇ سانلار پۈتۈن سانلارغا ئايلىنىدۇ. ۋە بۇسانلار ئەرەنچە پۈتۈن كۆپلۈك ئىسىملارغا ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ.
مەسىلەن: عِشْرُوْنَ ، ثَلاَثُوْنَ ، سَبْعُوْنَ ، تِسْعُوْنَ .
رَاَيْتُ عِشْرِيْنَ طَالِبًا . مَشَيْنَا بِعِشْرِيْنَ طَالِبًا .

*3-قائىدە*ئۆتكەن زامان پېئىلىغا «لاَ» كىرسە تەكرار كېلىشى كېرەك.

مەسىلەن: لاَاَكَلْتُ وَلاَشَرِبْتُ .

## 24 ـ دەرس

بۇ دەرستە سانلارنى تولۇق چۈشىنىپ ئۆتىمىز.

*1-قائىدە* سان بىر ۋە ئىككىدە سانالغۇچىسى بىلەن سۈپەت بىرىكىپ، سانالغۇچىنىڭ سۈپىتى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: طَالِبٌ وَاحِدٌ . طَالِبَانِ اِثْنَانِ .

ئۈچتىن ئونغىچە بولغان سانلار سانالغۇچىسى بىلەن كۆپىنچە ئىزاپەت بىرىكىدۇ، ۋە سان سانالغۇچىسىغا جىنسى جەھەتتە قارشى كېلىدۇ. ۋە ئۇلارنىڭ سانالغۇچىسى كۆپلۈك ئىسىمدىن كېلىپ، ئىنقلىغۇچى بولۇپ قوش زىر ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: ثَلاَثَةُ طُلاَّبٍ . ثَمَانِىْ طَالِبَاتٍ . عَشْرَةُ طُلاَّبٍ .

*2ـ قائىدە* 11 ۋە 12دىگەن سانىنىڭ ھەرئىككىلى خانىسى سانالغۇچىسىغا جىنسى جەھەتتە ماس كېلىپ زەبەرنىڭ ئۈستىگە قاتىدۇ. لېكىن 12نىڭ بىرلەرخانىسى ئۆزگىرىشچان سانلاردىن بولغاچقا، ئىككىلىك ئىسىملارغا

ئوخشاش تۈرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ئىسىملاردىن كېلىپ پەرىقلەندۈرگۈچى بولىدۇ.

مەسىلەن: اَحَدَ عَشَرَ طَالِبًا . اِثْنَتَا عَشَرَةَ طَالِبَةً .

13 دىن 19 غىچە بولغان ساننىڭ بىرلەرخانىسى سانالغۇچىسغا جىنسى جەھەتتە قارشى، ئونلارخانىسى سانالغۇچىسغا جىنسى جەھەتتە ماس كېلىپ ھەرئىككىلىسى خاس زەبەرنىڭ ئۈستىگە قاتىدۇ. ۋە ئۇلارنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ئىسىمدىن كېلىپ پەرىقلەندۈرگۈچى بولۇپ زەبەر ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: ثَلاَثَةَ عَشَرَ طَالِبًا. اَرْبَعَ عَشَرَةَطَالِبًا . سَبْعَةَ عَشَرَ طَالِبًا . تِسْعَ عَشَرَةَ طَالِبَةً .

*3- قائىدە* 20 دىن 90 گىچە بولغان پۈتۈن سانلار ئۆزگىرىشچان ئىسىملاردىن بولۇپ، ئەرلىك پۈتۈن كۆپلۈك ئىسىملارغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ. بۇ سانلارنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ئىسىمدىن كېلىپ پەرىقلەندۈرگۈچى بولىدۇ. بۇسانلار ئەر- ئاياللىقتا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن: عِشْرُوْنَ طَالِبَةً . عِشْرُوْنَ طَالِبًا .

*4-قائىدە* 21 دىن 29 غىچە بولغان سانلارنىڭ ئونلارخانىسى بىرلەرخانىسغا «و» ئارقىلىق باغلىنىپ،

ھەرئىككىلى خانىسى ئۆزگىرىشچان كىلىدۇ. 21 ۋە 22، 31 ۋە 32، تاكى 91 ۋە 92 گىچە بولغان سانلارنىڭ بىرلەرخانىسى سانالغۇچىسىغا جىنسى جەھەتتىن ماس كىلىدۇ.

23 دىن 29 غىچە، 33دىن 39 غىچە، تاكى 93دىن 99 غىچە بولغان سانلارنىڭ بىرلەرخانىسى سانالغۇچىسىغا جىنسى جەھەتتە قارشى، ئونلەرخانىسى سانالغۇچىسى بىلەن ئەر- ئاياللىقتا ئورتاق كىلىدۇ. ۋە ئۇلارنىڭ سانالغۇچىسى قايسى جىنستا كىلىشتىن قەتئىنەزەر بىرلىك ئىسىمدىن كىلىپ، پەرىقلەندۇرگۇچى بولۇپ قوش زەبەر ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: وَاحِدٌ وَّ عِشِرُوْنَ طَالِبًا . اِثْنَانِ وَّ عِشْرُوْنَ طَالِبَةً . اِحْدَى وَّ تِسْعُوْنَ طَالِبَةً . اِثْنَانِ وَّ ثَلاَثُوْنَ طَالِبًا . ثَلاَثَةٌ وَّ عِشْرُوْنَ طَالِبًا . تِسْعٌ وَّ عِشْرُوْنَ طَالِبَةً .

*5-قائىدە* 100دىن 100مىڭغىچە ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى پۈتۈن سانلارنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ئىسىمدىن كىلىپ ،شۇ سانلار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىدۇ ۋە بۇ سانلارنىڭ سانالغۇچىسى ئىنىقلىغۇچى بولىدۇ.

مەسىلەن: مِأَةُ طَالِبٍ/طَالِبَةٍ . ثَلاَثُمِأَةِ طَالِبٍ/ طَالِبَةٍ .

مِأَتَا طَالِبٍ/ طَالِبَةٍ . تِسْعُمِأَةِ طَالِبٍ/ طَالِبَةٍ .

مِأَةُ اَلْفِ طَالِبٍ/ طَالِبَةٍ . مِأَتَا اَلْفِ طَالِبٍ/ طَالِبَةٍ .

*6-قائىدە* 100بىر ۋە 100 ئىككى دىگەن سانلاردا پۈتۈن سانلار ئۆزىنىڭ ئىزاپەت بىرىككەن سانالغۇچىسى بىلەن بىللە كىلىپ،100 بىردە سانالغۇچىنىڭ بىرلىك شەكلى،100ئىككىدە سانالغۇچىنىڭ ئىككىلىك شەكلى پۈتۈن سانغا «و» ئارقىلىق باغلىنىدۇ.

مەسىلەن: مَأَةُ طَالِبٍ وَطَالِبٌ . مَأَةُ طَالِبٍ وَ طَالِبَانِ .

مىڭ بىر ۋە مىڭ ئىككىدىن تاكى 100مىڭ بىر ۋە 100مىڭ ئىككىگىچە ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سانلار يۇقارقى ئۇسۇل بويىچە ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: مِأَةُ اَلْفِ طَالِبَةٍ وَطَالِبَةٌ . مِأَة اَلْفِ طَالِبَةٍ وَطَالِبَتَانِ .

مِأَةُ مِلْيُوْنِ طَالِبٍ وَطَالِبٌ . مِأَةُ مِلْيُوْنِ طَالِبٍ وَ طَالِبَانِ .

*7- قائىدە* 103 دىن 299 غىچە بولغان سانلىق بىرىكمىدە پۈتۈن سانلار بۇرۇن كىلىدۇ. ۋە پارچە

سانلار ئۆزىنىڭ سانالغۇچىسى بىلەن پۈتۈن سانلارغا «و» ئارقىلىق باغلىنىدۇ.
مەسىلەن: مِأَةٌ وَّثَلاثُ طَالِبَاتٍ . مِأَتَانِ وَ تِسْعُ طَالِبَاتٍ .
مِأَتَانِ وَّ سِتُّوْنَ طَالِبًا .
*8-قائىدە* 303 دىن يۇقىرى سانلاردا پۈتۈن سان بۇرۇن كېلىشمۇ، ۋە پارچە سان بۇرۇن كېلىشمۇ دۇرۇس.
مەسىلەن: ثَلاثُ مِأَةٍ وَّ تِسْعُ طَالِبَاتٍ . تِسْعَةٌ وَّ ثَلاثَةُ مِأَةِ طَالِبٍ .
*9- قائىدە* 300دىن 900 غىچە بولغان پۈتۈن سان«مِأَةٌ» دېگەن لەبزىنىڭ پارچە سانلار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ، ئىنىقلىغۇچى بولىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇسانلارنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ئىسمىدىن كېلىپ، ئۇسانلار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ، زەنجىرسىمان ئىزاپەتلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىدۇ.
مەسىلەن: ثَلاثُ مِأَةِ طَالِبٍ . اَرْبَعُ مِأَةِ طَالِبَةٍ .
تِسْعُ مِأَةِ طَالِبٍ/ طَالِبَةٍ .
*10- قائىدە* 3مىڭدىن 9مىڭغىچە بولغان پۈتۈن سان «اَلْفٌ»نىڭ كۆپلۈكى بولغان «آلافٌ» دېگەن لەبزىنىڭ پارچە سانلار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ، ئىنىقلىغۇچى بولىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ۋە

بۇسانلارنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ئىسمىدىن كىلىپ، ئۇسانلار بىلەن ئىزاپەت بىرىكىپ زەنجىرسىمان ئىزاپەتلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىدۇ.
مەسىلەن: ثَلاَثُ آلافِ طَالِبٍ / طَالِبَةٍ .
خَمْسَةُ آلافِ طَالِبٍ / طَالِبَةٍ . سَبْعَةُ آلافِ طَالِبٍ /طَالِبَةٍ .
*11-قائىدە* 11 مىڭدىن 99 مىڭغىچە بولغان سانلاردا، سان «اَلْفٌ» دىگەن لەبزىنىڭ ئىلگىركى سانىنىڭ پەرىقلەندۈرگۈچىسى بولۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بۇسانلارنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ئىسمىدىن كىلىپ، پەرىقلەندۈرگۈچى بولغان ئىسىم«اَلْفٌ» بىلەن ئىزاپەت بىرىكىدۇ.
مەسىلەن: اَحَدَ عَشَرَ اَلْفَ طَالِبٍ . سَبْعَةَ عَشَرَ اَلْفَ طَالِبٍ .
*12- قائىدە* 20مىڭ بىردىن 20مىڭ توققۇزغىچە تاكى 90مىڭ بىردىن 90مىڭ توققۇزغىچە بولغان سانلاردا پۈتۈن سان بۇرۇن كىلىشى زۆرۈر.
مەسىلەن: عِشْرُوْنَ اَلْفًا وًّ وَاحِدٌ . تِسْعُوْنَ اَلْفًا وًّ اَرْبَعٌ .
*13-قائىدە* 21مىڭدىن 29مىڭغىچە تاكى 91مىڭدىن 99مىڭغىچە بولغان سانلاردا پارچە سانىنىڭ بۇرۇن كىلىشى زۆرۈر.

مەسىلەن: تِسْعٌ وَّ عِشْرُوْنَ اَلْفًا. وَاحِدٌ وَّ تِسْعُوْنَ اَلْفًا.

## 25 ـ دەرس

*1-قائىدە*«لَايَزَالُ»نىڭ ئاتىلىشى،مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسى نىمە؟

ج: « لَايَزَالُ»نىڭ ئاتىلىشى- تولۇقسىز پېئىل.

مەنىسى- ‹ يەنىلا...ۋاتىدۇ. ھەمىشە......ۋاتىدۇ ›.

ۋەزىپىسى- ئۇ ئىسىملىق جۈملىنىڭ ئەۋۋىلىگە كىرىپ، ئىگىسىنى ئىسىمى دەپ پىچ، خەۋىرىنى خەۋىرىم دەپ زەبەر ئوقۇتىدۇ.

مەسىلەن: لَايَزَالُ اِبْرَاهِيْمُ نَائِمًا .

## 26 ـ دەرس

*1-قائىدە*ھەرقانداق پېئىل ئۆلچىمىنىڭ «ف»سىنىڭ ئۇدۇلىدىلا كىسەل ھەرىپ كەلسە، بۇخىل پېئىل مىسال پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان قىسمى ئۆلچەم بويىچە كېلىدۇ. كېلىدىغان زامان قىسمىدا، ئۇنىڭدىكى كىسەل ھەرىپ «و» بولۇپ، ئۇ«و» ئۆزىدىن كېيىنكى ھەرىپنىڭ ئاشكارە زىرىغا ياكى قىياسى زىرىغا ياندىشىپ كەلسە تاشلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر

ئۈ«و»نىڭ يىنىدىكى ھەرىپ ئەسلى زەبەرلىك ياكى پىچلىق بولسا تاشلانمايدۇ. مەسىلەن: وَضَعَ - يَضَعُ . وَجَدَ - يَجِدُ .

«و»سى تاشلانمىغاننىڭ مىسالى: وَجِلَ - يَوْجَلُ .

ئۈنىڭدىكى كىسەل ھەرىپ «ي» بولسا، ئۆلچەم بويىچە كېلىدۇ.

مەسىلەن: يَسَرَ - يَيْسِرُ.

*2-قائىدە* ئۈچ ھەرىپلىك ئىسىملارنىڭ كىچىكلىتىلمىسى «فُعَيْلٌ» ئۆلچىمىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن: وَلَدٌ ــ وُلَيْدٌ . كَلْبٌ ــ كُلَيْبٌ.

*3-قائىدە* كىشىلىك ئالماش بىلەن كۆرسىتىش ئالمىشىدا جۈملە تۈزگەندە، كىشىلىك ئالماشنى ئىگە، كۆرسىتىش ئالمىشنى خەۋەر قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇش قوشۇمچىسى بولغان «هَا»نى جۈملىنىڭ ئەۋۋەلىگە كەلتۈرىمىز.

مەسىلەن: هَا هُوَ ذَا. هَا اَنَا ذَا.

*4-قائىدە* ئۈچ ھەرىپلىك بەزى پېئىللارنىڭ مەسدىرى «فَعَالٌ» ئۆلچىمىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن: ذَهَابٌ ، عَذَابٌ ، وَثَاقٌ .

## 27 ـ دەرس

*1-قائىدە*ھەرقانداق پېئىل ئۆلچىمىنىڭ «ع»نىڭ

ئۈدۈلىدىلا كىسەل ھەرىپ كەلسە، بۇنداق پېئىل كاۋاك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ كاۋاك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان قىسمىنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە: بۇ كاۋاك پېئىللارنىڭ ئۆلچىمى قايسى ئۆلچەمدە كەلسە، ئۇنىڭدىكى كىسەل ھەرىپ، ئەرلىك، بىرلىك، 3- شەخس پېئىلدىن، ئاياللىق، ئىككىلىك، 3- شەخس پېئىلغىچە، كىسەل ھەرىپنىڭ ئالدى زەبەرلىك بولغاچقا، ئۇ كىسەل ھەرىپ «ا» قا ئۆزگىرىدۇ.

مەسىلەن: طَالَ ، طَالاَ ، طَالُوْا ، طَالَتْ ، طَالَتَا. قَالَ ، قَالاَ ، قَالُوْا ، قَالَتْ ، قَالَتَا . نَامَ ، نَامَا ، نَامُوْا ، نَامَتْ ، نَامَتَا .

ئايالىق، كۆپلۈك، 3- شەخس پېئىلدىن باشلاپ ئاخىرىغىچە «فَعَلَ» ۋە «فَعُلَ» ئۆلچىمىدىكى كاۋاك ئۆتكەن زامان پېئىللىرىدا كىسەل ھەرىپنىڭ ئالدى زەبەرلىك بولغاچقا، ئۇكىسەل ھەرىپ « ا »قا ئۆزگىرىدۇ. ئاندىن ئىككى ساكىن جۇغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، شۇئۆزگەرگەن « ا » تاشلىنىدۇ. ئۇ تاشلانغان « ا » « و »دىن ئۆزگەرگەن بولسا، ئەسلى « و»غا نىشان بولىشى ئۈچۈن ئالدىدىكى ھەرىپنىڭ زەبرى پىچقا ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر ئۇتاشلانغان « ا » « ي »دىن ئۆزگەرگەن بولسا،

ئەسلى« ي »غا نىشان بولىشى ئۈچۈن ئالدىدىكى ھەرىپنىڭ زەبىرى زىرغا ئۆرۈلىدۇ.
مەسىلەن: ‹‹ طُلْنَ›› دىن ‹‹ طُلْنَا›› غىچە.
‹‹قُلْنَ ›› دىن‹‹ قُلْنَا›› غىچە . ‹‹ بِعْنَ ››دىن ‹‹ بِعْنَا›› غىچە.
ئاياللىق، كۆپلۈك، 3- شەخس پېئىلىدىن باشلاپ ئاخىرىغىچە «فَعِلَ» ئۆلچىمىدىكى كاۋاك ئۆتكەن زامان پېئىللىرىدا كىسەل ھەرىپكە ھەركەت ئىغىر بولغانلىقى ئۈچۈن،ئۇ كىسەل ھەرىپنىڭ ھەركىتى ئالدىدىكى ھەرىپنىڭ ھەركىتىنى تاشلاپ بولغاندىن كيىن،شۇ ئالدىدىكى ھەرىپكە يۆتكەپ بىرىلىدۇ، ئاندىن ئىككى ساكىن جۇغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن،ئۇ كىسەل ھەرىپ تاشلىنىدۇ.
مەسىلەن:‹‹ نِمْنَ »دىن‹‹ نِمْنَا» غىچە، ‹‹كِدْنَ » دىن ‹‹ كِدْنَا» غىچە.
*2-قائىدە*كاۋاك پېئىللارنىڭ كىلىدىغان زامان قىسمىنىڭ تۈرلىنىشى:
بۇ كاۋاك پېئىللارنىڭ ئۆلچىمى«يَفْعُلُ» ۋە «يَفْعِلُ» ئۆلچىمدە كەلسە، ئەرلىك، بىرلىك، ئىككىلىك، كۆپلۈك ۋە ئاياللىق، بىرلىك ئىككىلىك، 3-شەخس كىلىدىغان زامان كاۋاك پېئىللىرىدا ۋە ئەرلىك، بىرلىك، ئىككىلىك، كۆپلۈك ۋە ئاياللىق، بىرلىك،

ئىككىلىك، 2- شەخس كېلىدىغان زامان كاۋاك پېئىللىرىدا ۋە ئەر-ئاياللىغا ئورتاق، بىرلىك ۋە كۆپلۈك كېلىدىغان زامان كاۋاك پېئىللىرىدا كىسەل ھەرپىنىڭ ھەركىتى ئۆزىگە ئىغىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدىدىكى ساكىنلىق ھەرپكە يۆتكەپ بېرىلىپ، كىسەل ھەرپ ساكىن بىلەن ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: «يَفْعُلُ» ئۆلچىمىنىڭ مىسالى-«يَطُوْلُ»دىن «تَطُوْلاَنِ»غىچە، «تَطُوْلُ»دىن «تَطُوْلاَنِ»غىچە ۋە «اَطُوْلُ» ، «نَطُوْلُ».

«يَقُوْلُ»دىن «تَقُوْلاَنِ»غىچە، «تَقُوْلُ»دىن «تَقُوْلاَنِ»غىچە ۋە «اَقُوْلُ»، «نَقُوْلُ».

«يَفْعِلُ»ئۆلچىمىنىڭ مىسالى -«يَبِيْعُ»دىن «تَبِيْعَانِ»غىچە، «تَبِيْعُ»دىن «تَبِيْعَانِ»غىچە ۋە «اَبِيْعُ» ، «نَبِيْعُ» .

مۇشۇ «يَفْعُلُ» ۋە «يَفْعِلُ» ئۆلچىمىدىكى ئاياللىق، كۆپلۈك، 3- شەخس ۋە 2- شەخس كېلىدىغان زامان كاۋاك پېئىللىرىدا كىسەل ھەرپىنىڭ ھەركىتى ئۆزىگە ئىغىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەركىتى

ئالدىدىكى ساكىنلىق ھەرپكە يۆتكەپ بىرىلىدۇ. ئاندىن ئىككى ساكىن جۇغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇ كىسەل ھەرپ تاشلىنىدۇ.

مەسىلەن: يَقُلْنَ ، تَقُلْنَ ، يَبِعْنَ ، تَبِعْنَ ، يَطُلْنَ ، تَطُلْنَ .

ۋە«يَفْعَلُ» ئۆلچىمىدىكى كىلىدىغان زامان كاۋاك پېئىللىرىدا، كىسەل ھەرپىنىڭ زەبرى ئالدىدىكى ساكىنلىق ھەرپكە يۆتكەپ بىرىلىدۇ. ئاندىن كىسەل ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەر، ئۆكسەل ھەرپ ئۆزى ئەسلىدە ھەركەتلىك بولغاچقا، ئۆكسەل ھەرپ « ا »قا ئۆزگۈرۈپ، شۇ « ا » بىلەن ئوقۇلىدۇ. لىكىن ھەرقانداق ئاياللىق، كۆپلۈك كىلىدىغان زامان كاۋاك پېئىللىرىدا ئىككى ساكىن جۇغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزگۈرگەن « ا » تاشلىنىدۇ.

مەسىلەن: يَنَامُ ، يَنَامُوْنَ ، يَنَمْنَ .

*3- قائىدە* كاۋاك پېئىللارنىڭ بۇيرۇق قىسمىنىڭ تۈرلىنىشى:

بۇيرۇق كاۋاك پېئىللارنىڭ ئۆلچىمى «أُفْعُلْ» ۋە «اِفْعِلْ» بولسا، ئەرلىك، بىرلىك بۇيرۇق كاۋاك پېئىللىرىدىكى كىسەل ھەرپىنىڭ ھەركىتى ئالدىدىكى ساكىنلىق ھەرپكە يۆتكەپ

بىرلىگەندىن كېيىن، ئىككى ساكىن جۈغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆكسەل ھەرىپ تاشلىنىدۇ. ۋە ئەگەر ئۈبۈيرۇق كاۋاك پېئىللىرىنىڭ ئۆلچىمى «اِفْعَلْ» بولسا، ئۆكسەل ھەرپىنىڭ زەبىرىنى ئالدىدىكى ھەرپىكە يۆتكەپ بەرگەندىن كېيىن، شۇكسەل ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەرىپ زەبەر، ئۆكسەل ھەرىپ ئۆزى ئەسلىدە ھەركەتلىك بولغاچقا، شۇكسەل ھەرىپ « ا »قا ئۆزۈلىدۇ، ئاندىن ئىككى ساكىن جۈغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، شۇئۆزۈلگەن « ا » تاشلىنىدۇ. بۇھالدا بۇكاۋاك بۇيرۇق پېئىلىنىڭ ئۆلانما ھەمزىسىنىڭ يېنىدىكى ھەرىپ ھەركەتلىك بولغاچقا، ھەمزە«أ»نىڭ كېلىشى ھاجەتسىز دەپ قارىلىپ، شۇھەمزە تاشلىنىدۇ.

مەسىلەن: بِعْ ئەسلىسى اِبْيِعْ . نَمْ ئەسلىسى اِنْوَمْ .

قُلْ ئەسلىسى اُقْوُلْ . طُلْ ئەسلىسى اُطْوُلْ .

بۇيرۇق كاۋاك پېئىلىنىڭ ئەرلىك، بىرلىك پېئىلىدىن باشقا پېئىللاردا ئىككى ساكىن جۈغلىشىپ قالسا، كسەل ھەرىپ تاشلىنىپ ئوقۇلىدۇ. ئەگەر جۈغلاشمىسا، ئۆكسەل ھەرپىنىڭ ساكىنى بىلەن

ئوقۇلىدۇ.
مەسىلەن: قُوْلاَ ، قُلْنَ . نَامِىْ ، نِمْنَ . يِيْعُوْا ، يِعْنَ .

## 28 ـ دەرس

ھەرقانداق پېئىل ئۆلچىمىنىڭ «ل»نىڭ ئۇدۇلىدىلا كىسەل ھەرىپ كەلسە، بۇنداق پېئىل كەمتۈك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

*1-قائىدە* كەمتۈك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان قىسمىنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

(1) «فَعَلَ» ئۆلچىمدىكى ئەرلىك، بىرلىك، 3-شەخس ئۆتكەن زامان كەمتۈك پېئىللىرىدا، كىسەل ھەرپىنىڭ ئالدى زەبەرلىك بولغاچقا، ئۇكىسەل ھەرىپ « و » بولسا، ئاشكارە « ا »قا، « ي » بولسا، « ي » شەكىللىك « ا »قا ئۆزگىرىپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: دَعَا ئەسلىسى دَعَوَ . رَمَى ئەسلىسى رَمَيَ .

(2) ئەرلىك، ئىككىلىك، 3- شەخس ئۆتكەن زامان كەمتۈك پېئىللىرى قايسى ئۆلچەمدە كەلسە، ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن(يەنى كىسەل ھەرپىنىڭ ھەركىتى بىلەن) كېلىدۇ.
مەسىلەن: دَعَوَا ، رَمَيَا ، رَخُوَا ، نَسِيَا .

(3)مۇشۇ «فَعَلَ» ئۆلچىمىدىكى ئەرلىك، كۆپلۈك، 3- شەخس ئۆتكەن زامان كەمتۈك پېئىللىرىدىن ئاياللىق، ئىككىلىك، 3- شەخس پېئىللىرىغىچە كىسەل ھەرپىنىڭ ئالدى زەبەر بولغاچقا، ئۇكىسەل ھەرىپ « ا »قا ئۆزگىرىدۇ. ئاندىن ئىككى ساكىن جۈغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، شۇ ئۆزگەرگەن « ا » تاشلىنىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئاياللىق، ئىككىلىك،3- شەخس پېئىلىدا ئۆزگەرگەن « ا » بىلەن ئەسلىدىكى ساكىنلىق « تْ » ئارىسىدا ئىككى ساكىن جۈغلىشىپ قالغاچقا، بۇئۆزگەرگەن « ا »مۇ تاشلىنىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن: دَعَوْا ئەسلىسى دَعَوُوْا ، دَعَتْ ئەسلىسى دَعَوَتْ ،

دَعَتَا ئەسلىسى دَعَوَتَا.

(4)ئاياللىق، كۆپلۈك، 3- شەخس ئۆتكەن زامان كەمتۈك پېئىللىرىدىن ئاخىرىغىچە، قايسى ئۆلچەمدە كەلسە، ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن (يەنىكىسەل ھەرپىنىڭ ساكىنى بىلەن) كېلىدۇ.

مەسىلەن:«دَعَوْنَ»دىن«دَعَوْنَا»غىچە.«رَخُوْنَ»دىن «رَخُوْنَا»غىچە. «نَسِيْنَ»دىن «نَسِيْنَا»غىچە.

(5) «فَعِلَ» ۋە «فَعُلَ» ئۆلچىمىدىكى ئەرلىك،

بىرلىك، 3- شەخس ئۆتكەن زامان كەمتۈك پېئىللىرى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن (يەنى‌كىسەل ھەرپنىڭ ھەركىتى) بىلەن كېلىدۇ.
مەسىلەن: نَسِيَ ، رَخُوَ .
(6) «فَعِلَ» ئۆلچىمىدىكى ئەرلىك، كۆپلۈك، 3- شەخس ئۆتكەن زامان كەمتۈك پېئىللىرىدا، كىسەل ھەرپنىڭ ھەركىتى ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەركىتىنى تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، شۇئالدىدىكى ھەرپكە يۆتكەپ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئىككى ساكىن جۇغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇكىسەل ھەرپ تاشلىنىدۇ.
مەسىلەن: نَسُوْا ئەسلىسى نَسِيُوْا .
(7) «فَعُلَ» ئۆلچىمىدىكى ئەرلىك، كۆپلۈك، 3- شەخس ئۆتكەن زامان كەمتۈك پېئىللىرىدا، كىسەل ھەرپنىڭ ھەركىتى ئۆزىگە ئېغىر كەلگەنلىكى ئۈچۈن تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئىككى ساكىن جۇغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ساكىنلىق كىسەل ھەرپ تاشلىنىدۇ.
مەسىلەن: رَخُوْا ئەسلىسى رَخُوُوْا .
*2-قائىدە*كەمتۈك پېئىللارنىڭ كېلىدىغان زامان قىسمىنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە:
(1)«يَفْعَلُ» ئۆلچىمىدىكى كېلىدىغان زامان كەمتۈك

پېئىلىنىڭ ئەرلىك ۋە ئاياللىق، بىرلىك، 3- شەخس ۋە ئەرلىك، بىرلىك، 2- شەخس ۋە ئەر-ئايالغا ئورتاق، بىرلىك ۋە كۆپلۈك، 1- شەخس پېئىللىرىدا، كىسەل ھەرىپىنىڭ ئالدى زەبەرلىك بولغاچقا، ئۇ كىسەل ھەرىپ « ا »قا ئۆزگىرىدۇ.

مەسىلەن: يَنْسَى ، تَنْسَى ، اَنْسَى ، نَنْسَى .

(2)ئىككىلىك،كېلىدىغان زامان كەمتۈك پېئىللىرى قايسى ئۆلچەمدە كەلسە، ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن(يەنى كىسەل ھەرىپىنىڭ ھەركىتى بىلەن) كېلىدۇ.

مەسىلەن: يَرْخُوَانِ ، يَنْسَيَانِ ، تَبْكِيَانِ .

(3) مۇشۇ«يَفْعَلُ» ئۆلچىمىدىكى ئەرلىك، كۆپلۈك،3-شەخس ۋە2- شەخس ۋەئاياللىق، بىرلىك، 2-شەخس كېلىدىغان زامان كەمتۈك پېئىللىرىدا كىسەل ھەرىپىنىڭ ئالدى زەبەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كىسەل ھەرىپ « ا » قائۆزگىرىدۇ، ئاندىن ئىككى ساكىن جۈغلىشىپ قالغاچقا،شۇ ئۆزگەرگەن «ا» تاشلىنىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن: يَنْسَوْنَ ئەسلىسى يَنْسَيُوْنَ ، تَنْسَيْنَ ئەسلىسى تَنْسَيِيْنَ ، تَنْسَوْنَ ئەسلىسى تَنْسَيُوْنَ .

(4) ئاياللىق كۆپلۈك 3-شەخس ۋە2-شەخس

كېلىدىغان زامان كەمتۈك پېئىللىرى قايسى ئۆلچەمدە كەلسە ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن (يەنى كىسەل ھەرپىنىڭ ساكىنى بىلەن) كېلىدۇ.
مەسىلەن: يَنْسَيْنَ . تَرْخُوْنَ . تَبْكِيْنَ .
(5)«يَفْعُلُ» ۋە «يَفْعِلُ»ئۆلچىمىدىكى ئەرلىك ۋە ئاياللىق، بىرلىك،3-شەخس ۋە ئەرلىك، بىرلىك، 2-شەخس ۋە ئەر-ئايالغا ئورتاق ،بىرلىك ۋە كۆپلۈك 1-شەخس كېلىدىغان زامان كەمتۈك پېئىللىرىدا كىسەل ھەرپىنىڭ ھەركىتى ئۆزىگە ئېغىر كەلگەنلىكى ئۈچۈن تاشلىنىپ كېتىدۇ.
مەسىلەن: يَدْعُوْ ئەسلىسى يَدْعُوُ . تَرْمِيْ ئەسلىسى تَرْمِيُ .
اَدْعُوْ ئەسلىسى اَدْعُوُ . نَدْعُوْ ئەسلىسى نَدْعُوُ .
نَرْمِيْ ئەسلىسى نَرْمِيُ .
(6) «يَفْعُلُ» ئۆلچىمىدىكى ئەرلىك، كۆپلۈك، 3-شەخس ۋە 2- شەخس پېئىللىرىدا كىسەل ھەرپىنىڭ ھەركىتى ئۆزىگە ئېغىر كەلگەنلىكى ئۈچۈن تاشلىنىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئىككى ساكىن جۇغلىشىپ قالغاچقا، شۇ ساكىنلىق كىسەل ھەرپ تاشلىنىدۇ.
مەسىلەن:يَدْعُوْنَ ئەسلىسى يَدْعُوُوْنَ، تَدْعُوْنَ

ئەسلىسى تَدْعُوُوْنَ.
(7) مۇشۇ «يَفْعُلُ» ئۆلچىمىدىكى ئاياللىق، بىرلىك، 2-شەخس كېلىدىغان زامان كەمتۈك پېئىللىدا كىسەل ھەرىپنىڭ ھەركىتى، ئالدىدىكى ھەرىپنىڭ ھەركىتىنى تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، شۇئالدىدىكى ھەرىپكە يۆتكەپ بىرىلىدۇ. ئاندىن ئىككى ساكىن جۈغلىشىپ قالغاچقا، ئۇ كىسەل ھەرىپ تاشلىنىدۇ.
مەسىلەن: تَدْعِيْنَ ئەسلىسى تَدْعُوِيْنَ .
(8) «يَفْعِلُ» ئۆلچىمىدىكى ئەرلىك، كۆپلۈك، 3-شەخس ۋە 2- شەخس كېلىدىغان زامان كەمتۈك پېئىللىرىدا، كىسەل ھەرىپنىڭ ھەركىتى، ئالدىدىكى ھەرىپنىڭ ھەركىتىنى تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، شۇئالدىدىكى ھەرىپكە يۆتكەپ بىرىلىدۇ. ئاندىن ئىككى ساكىن جۈغلىشىپ قالغاچقا، ئۇ كىسەل ھەرىپ تاشلىنىدۇ.
مەسىلەن: يَبْكُوْنَ ئەسلىسى يَبْكِيُوْنَ ، تَبْكُوْنَ ئەسلىسى تَبْكِيُوْنَ .
(9) مۇشۇ«يَفْعِلُ» ئۆلچىمىدىكى ئاياللىق، بىرلىك، 2-شەخس كېلىدىغان زامان كەمتۈك پېئىلىدا، كىسەل ھەرىپنىڭ ھەركىتى ئۆزىگە ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن تاشلىنىپ كىتىدۇ.
مەسىلەن: تَبْكِيْنَ ئەسلىسى تَبْكِيِيْنَ .

*3-قائىدە*كەمتۈك پېئىللارنىڭ بۇيرۇق قىسمىنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

(1) بىرلىك بۇيرۇق كەمتۈك پېئىللىرى قايسى ئۆلچەمدە كەلسە، ھەربىرىنىڭ ئاخىرىدىكى كىسەل ھەرىپ ساكىنىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن تاشلىنىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن: اِنْسَ ئەسلىسى اِنْسَىْ ، اُدْعُ ئەسلىسى اُدْعُوْ ،

اِرْمِ ئەسلىسى اِرْمِىْ .

(2) ئىككىلىك بۇيرۇق كەمتۈك پېئىللىرى قايسى ئۆلچەمدە كەلسە، ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن(يەنىكىسەل ھەرىپىنىڭ ھەركىتى بىلەن) كېلىدۇ.

مەسىلەن: اِنْسَيَا ، اُدْعُوَا ، اِبْكِيَا .

(3) ئاياللىق، كۆپلۈك بۇيرۇق كەمتۈك پېئىللىرى قايسى ئۆلچەمدە كەلسە، ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن(يەنىكىسەل ھەرىپىنىڭ ساكىنى بىلەن) كېلىدۇ.

مەسىلەن: اِنْسَيْنَ . اُدْعُوْنَ . اِبْكِيْنَ .

(4)«اِفْعَلْ» ئۆلچىمىدىكى ئەرلىك كۆپلۈك ۋە ئاياللىق بىرلىك بۇيرۇق كەمتۈك پېئىللىرىدا كىسەل ھەرىپىنىڭ ئالدى زەبەرلىك بولغاچقا شۇ كىسەل ھەرىپ « ا » قا ئۆرۈلىدۇ ، ئاندىن ئىككى ساكىن

جۇغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، شۇ ئۆزۈلگەن« ا »تاشلىنىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن: اِنْسَوْا ئەسلىسى اِنْسَيُوْا . اِنْسَيْ ئەسلىسى اِنْسَيِيْ .

(5) «اُفْعُلْ» ئۆلچىمىدىكى ئەرلىك، كۆپلۈك بۇيرۇق كەمتۈك پېئىللىرىدا كىسەل ھەرپىنىڭ ھەركىتى ئۆزىگە ئىغىر بولغانلىقى

ئۈچۈن تاشلىنىپ كېتىدۇ ، ئاندىن ئىككى ساكىن جۇغلىشىپ قالغاچقا،شۇكىسەل ھەرپىنىڭ ئۆزىمۇتاشلىنىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن : اُدْعُوْا ئەسلىسى اُدْعُوُوْا .

(6) مۇشۇ«اُفْعُلْ» ئۆلچىمىدىكى ئايالىق بىرلىك بۇيرۇق كەمتۈك پېئىلىدا كىسەل ھەرپىنىڭ ھەركىتى ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەركىتىنى تاشلاپ بولغاندىن كېيىن شۇئالدىدىكى ھەرپكەيۆتكەپ بېرىلىدۇ.

مەسىلەن : اُدْعِيْ ئەسلىسى اُدْعُوِيْ .

(7) «اِفْعِلْ» ئۆلچىمىدىكى ئەرلىك، كۆپلۈك بۇيرۇق كەمتۈك پېئىلىدا كىسەل ھەرپىنىڭ ھەركىتى، ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەركىتىنى تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، شۇئالدىدىكى ھەرپكە يۆتكەپ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئىككى ساكىن جۇغلىشىپ قالغاچقا، ئۇ

كىسەل ھەرىپ تاشلىنىدۇ.

مەسىلەن: اِبْكُوْا ئەسلىسى اِبْكِيُوْا.

(8) «اِفْعِلْ» ئۆلچىمىدىكى ئاياللىق، بىرلىك بۇيرۇق كەمتۈك پېئىلىدا، كىسەل ھەرىپنىڭ ھەركىتى ئۆزىگە ئىغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەركىتى تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئىككى ساكىن جۇغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇكىسەل ھەرىپنىڭ ئۆزىمۇ تاشلىنىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن: اِرْمِیْ ئەسلىسى اِرْمِيِیْ .

## 29 ـ دەرس

*1-قائىدە* ئۆلچەمدىكى«ع » ۋە « ل » نىڭ ئۇدۇلىدا بىرتۈردىكى ئىككى ھەرىپ كەلسە، بۇنداق پېئىل تەكرار ھەرىپلىك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

تەكرار ھەرىپلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان قىسمىنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

تەكرار ھەرىپلىك پېئىللار ھەرقانداق ئۆلچەمدە كەلسە، ئەرلىك، بىرلىك 3-شەخس پېئىلىدىن ئاياللىق، ئىككىلىك، 3- شەخس پېئىلىغىچە ئىدغام ئاجرىتىلماي تۈرلىنىدۇ. ۋە ئاياللىق، 3-شەخس كۆپلۈك پېئىلىدىن باشلاپ ئاخىرىغىچە ئىدغام ئاجرىتىپ تۈرلىنىدۇ.

مەسىلەن:عَدَّ ، عَدَّا ، عَدُّوْا ، عَدَّتْ ، عَدَّتَا ، عَدَدْنَ ، عَدَدْنَا . *2-قائىدە* تەكرار ھەرپلىك پېئىللارنىڭ كېلىدىغان زامان قىسمىنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

بۇ تەكرار ھەرپلىك پېئىللار ھەرقانداق ئۆلچەمدە كەلسە، پەقەت ئاياللىق، كۆپلۈك، 3- شەخس ۋە 2- شەخس پېئىللىرىدا ئىدغام ئاجرىتىپ ئوقۇلىدۇ. لېكىن باشقا پېئىللاردا ئىدغام ئاجرىتىلماي ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: يَعُدُّ ، يَعْدُدْنَ ، تَعُدُّ ، تَعْدُدْنَ ، اَعُدُّ .

*3-قائىدە* تەكرار ھەرپلىك پېئىللارنىڭ بۇيرۇق قىسمىنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

«اُفْعُلْ» ئۆلچىمىدە كەلگەن ئەرلىك، بىرلىك تەكرار ھەرپلىك بۇيرۇق پېئىلىنىڭ ئاخىرى تۆت خىل(يەنى پىچ، زەبەر، زىر، ۋە ئىدغامنى يېشىپ ساكىن) ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: عُدُّ ، عُدَّ ، عُدِّ ، اُعْدُدْ .

«اِفْعِلْ» ۋە «اِفْعَلْ» ئۆلچىمىدە كەلگەن ئەرلىك، بىرلىك تەكرار ھەرپلىك بۇيرۇق پېئىللىرىنىڭ ئاخىرى ئۈچ خىل(يەنى زەبەر، زىر، ۋە ئىدغامنى يېشىپ ساكىن) ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: شَمَّ ، شَمِّ ، اِشْمَمْ . جَدَّ ، جَدِّ ،

اِجْدِدْ .

*4-قائىدە*«قَطُّ»نىڭ ئاتىلىشى،مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى نىمە؟

ج: «قَطُّ»نىڭ ئاتىلىشى- ئۆزگەرمەيدىغان ۋاقىت رەۋىشى.

مەنىسى- ‹ بۇرۇندىلا، ئەزەلدىن، ھەرگىز، زادى، ھىچ ›.

جۈملىدىكى ئالاھىدىلىكى- بۇلۇشسىز ئۆتكەن زامان پېئىلدىن كيىن كىلىپ، شۇ پېئىلنىڭ بولۇشسىز مەنىسىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

مەسىلەن: مَافَعَلْتُ هذَا قَطُّ .

## پېئىلنىڭ تۈرلىرى

پېئىل يەتتە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار:

(1) ساغلام پېئىل- ئۇنىڭدا كىسەل ھەرىپ ۋە بىرتۈردىكى ئىككى ھەرىپ كەلمىگەن پېئىللار ساغلام پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ضَرَبَ ، كَتَبَ ، فَهِمَ .

(2) ھەمزىلىك پېئىل- ئۇنىڭدا ھەمزە كەلگەن پېئىللار ھەمزىلىك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پېئىللار ئۆلچەمدىكى «ف»نىڭ ئۇدۇلىدا ھەمزە كەلسە، «ف»سى ھەمزىلىك پېئىل. ئۆلچەمدىكى «ع»نىڭ ئۇدۇلىدا ھەمزە كەلسە، «ع»ى ھەمزىلىك پېئىل.

ئۆلچەمدىكى «ل»نىڭ ئورنىدا ھەمزە كەلسە، «ل»ى ھەمزىلىك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: أَبَرَ، أَمِلَ ، سَأَلَ ، قَرَأَ ، بَرَأَ .

(3) تەكرار ھەرپلىك پېئىل- ئۆلچەمدىكى «ع» بىلەن «ل»نىڭ ئورنىدا بىرتۈردىكى ئىككى ھەرپ كەلگەن پېئىللار تەكرار ھەرپلىك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: جَدَّ، شَمَّ، جَرَّ.

(4) مىسال پېئىل- ئۆلچەمدىكى «ف»نىڭ ئورنىدا كىسەل ھەرپ كەلگەن پېئىللار مىسال پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: وَجَدَ، وَعَدَ، يَسَرَ.

(5) كاۋاك پېئىل- ئۆلچەمدىكى «ع»نىڭ ئورنىدا كىسەل ھەرپ كەلگەن پېئىللار كاۋاك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: قَالَ ، بَاعَ ، نَامَ .

(6) كەمتۈك پېئىل- ئۆلچەمدىكى «ل»نىڭ ئورنىدا كىسەل ھەرپ كەلگەن پېئىللار كەمتۈك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: جَرَى، سَقَى، رَمَى .

(7) جۇغلاشقۇچى پېئىل ۋە چىرماشقۇچى پېئىل- ئۆلچەمدىكى «ع» بىلەن «ل»نىڭ ئورنىدا كىسەل ھەرپ كەلگەن پېئىللار جۇغلاشقۇچى پېئىل دەپ

ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: كَوَى، طَوَى
ئۆلچەمدىكى «ف» بىلەن «ل»نىڭ ئۇدۇلىدا كىسەل ھەرپ كەلگەن پېئىللار چىرماشقۇچى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.
مەسىلەن: وَقَى ، وَحَى.

## 30 ـ دەرس

*1-قائىدە* «اَنْتُمَا»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج:«اَنْتُمَا» نىڭ ئاتىلىشى ـــ ئەر-ئايالغا ئورتاق، ئىككىلىك، 2- شەخس مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا، ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.
مەنىسى- ‹ سىلەر ئىككىڭلار ›.
جۈملىدىكى ئورنى- ئۇ ئىسمىلىق جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كىلىدۇ.
مەسىلەن: اَنْتُمَا طَالِبَانِ جَدِيْدَانِ ، اَنْتُمَا مُجْتَهِدَانِ .
*2- قائىدە* «كُمَا»نىڭ ئاتىلىشى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ئورنى نىمە؟
ج:«كُمَا»نىڭ ئاتىلىشى ـــ ئەر-ئايالغا ئورتاق، ئىككىلىك، 2-شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى.

ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىملاردىن بولغاچقا، ھەركەت شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.
مەنىسى ـ ‹ سىلەر ئىككىڭلارنى، سىلەر ئىككىڭلارنىڭ ›.
جۈملىدىكى ئورنى- ئىسمغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىلغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: كِتَابُكُمَا جَدِيْدٌ . اَعْرِفُكُمَا .

اِعْلَمْ اَنَّ فِى الْعَرَبِيَّةِ نَحْوًا مُهِمًّا ،
اِجْتَهِدْ وَلاَتَكُنْ كَسْلاَنَ مُهْمِلاً .
اِنْ تَعْلَمْ قَوَاعِدَالنَّحْوِ كَامِلاً ،
فَتَكُوْنُ قِرَاءَةُ التَّفْسِيْرِ وَالْحَدِيْثِ جَائِزًا .

تەرجىمىسى:

بىلگىن! ئەرەبچىدە مۇھىمدۇر گرامماتىكا،
تىرىشقىن! دائىم ئۇنىڭغا سەل قارىما.
ئەگەر بىلسەڭ گرامماتىكىنى تولۇق،
ئاندىن بولار ھەدىس، تەپسىر ئۇقۇشۇڭ يوللۇق.

**تَمَّتِ الْقَوَاعِدُالنَّحْوِيَّةُ بِعَوْنِ اللهِ**